ھېكايىلەر گۈلىستانى

# يامان دوست زەھەردۇر

(ئالتۇن ھالقىلار)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# يامان دوست زەھەردۇر

(ئالتۇن ھالقىلار)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: زىيا مۇھەممەت

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

坏朋友与毒无异：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编.
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-772-6

I. 坏… II.阿… III.维吾尔族－谚语－汇编－中国－
维吾尔语（中国少数民族语言） IV.I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024504 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　坏朋友与毒无异
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　孜亚·穆罕默德
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊

出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社

地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-772-6
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: يامان دوست زەھەردۇر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: زىبا مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى:
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3
نەشرى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-772-6
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «يامان دوست زەھەردۇر» دېگەن كىتابتا ئوبۇلقاسىم مەھمۇد ئىبنى ئۆمەر ئەز ـ زەمەخشەرى (1059 ـ 1111) نىڭ «ئالتۇن ھالقىلار» دېگەن ئەسىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# يامان دوست ــــ زەھەر، لېكىن...

ھەيدەر ئەپەندى ئەمدىلا ئىشىكنى تاقاپ ئۈستەل ئالدىغا ئولتۇراي دېيىشىگە، سىرتتىن نېمىلەرنىڭدۇ تاراقلاپ، گۇرسۇلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئوغلى قايتىپ كەلگەن، ئىشىكتىن كىرە ـ كىرمەيلا چاپان ـ چارىلىرىنى ئاتقاندەك قىلاتتى. سومكىسى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئەتراپى سومكىسىدىن چېچىلغان ماتېرىياللار بىلەن لىق تولغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ چىقىپ كەلگىنىگە قاراپمۇ قويماي ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى يېشىشكە ئېڭىشتى. ھەيدەر ئەپەندى ئوغلىنىڭ چىرايىنى كۆرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپلا سىرتتا بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققان چېغى دەپ ئويلىدى. بۇنداق چاغدا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇ بالىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئادەتتە كۆڭلى ئازار يەيدىغان قاتتىقراق بىرەر ئىش بولمىسىلا ئاسانلىقچە ئاچچىقلانمايدىغان، شوخ، چاقچاقچى، ساددا دىل بالا مانا ئەمدى ئاچچىقلاپ قاپتۇ. تۇرمۇش دېگەندە ئاچچىقلىنىدىغان ئىش تولىغۇ. لېكىن سىرتتىكى ئاچچىقنى ئۆيگە سۆرەپ كىرىپ ئۆيدىكىلەرگە ھەيۋە

كۆرسىتىش نەدىن كەلگەن دانالىقكىن ئەمدى؟
ھەيدەر ئەپەندى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئاشخانىدىن چىقىپ نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي بىردە بالىسىغا بىردە ئېرىگە قاراپ تۇرغان ئايالىغا «كىرىپ ئىشىڭنى قىلىۋەر» دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ قويدى ـ دە، ئۇمۇ خانىسىگە كىرىپ كەتتى.
ھەيدەر ئەپەندى ئىشىكتىن كىرىشتىكى ئۇدۇل تامغا ياسىتىلغان چوڭ، ئازادە، كىتاب بىلەن لىق تولۇپ كەتكەن كىتاب ئىشكاپى ئالدىغا بېرىپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. باياتىن نېمە خىيال بىلەن ئولتۇرۇۋېدىكىنە؟ ئۇ بايا كاللىسىغا ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بىر خىيال بىلەن كۇتۇپخانىسىغا كىرگەن ۋە كاللىسىدا يالتتىدە زاھىرلانغان پىكىر چاقماقلىرى، ئىلھام ئوتلىرىنىڭ كۆيدۈرۈشىدە خۇشكەيپلەشكەن ھالدا بىر ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولغانىدى. مانا ئەمدى ئوغلىنىڭ تاراق ـ تۇرۇقى بىلەن بايىلا كاللىسىغا كەلگەن شۇ خىيالنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.
«ھەي قېرىلىق!» دەپ قويدى ئۇ ئۇھسىنىپ ۋە ئاقارغان، تەڭدىن تولىسى چۈشۈپ كەتكەن جانسىز چاچلىرىنى ئايپاڭ بېشىغا ياتقۇزۇپ سىلاپ قويدى. ئۇ ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ باياتىن نېمىنىڭ ئىلھامى بىلەن بۇنچە مەستخۇشلىشىپ كەتكىنىنى ئويلاپ تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن كىتاب جازىسىدىكى قاتار كىتابلارنى بىر باشتىن ئېلىپ، ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى ۋاراقلاپ قويغاندىن كېيىن يەنە سېلىپ قويۇشقا

باشلىدى.

— دادا!

كۈتۈپخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئوغلىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋازىنىڭ ئۈرانىدىنلا ئۇنىڭ بايىقى ئاچچىقىنىڭ خېلىلا بېسىقىپ قالغىنىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

— ھە، سۆزلە بالام، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى ئارقىسىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ۋە ئەمدى قولىغا ئالغان كىتابنى ۋاراقلاشنى داۋاملاشتۇرغاچ.

— كەچۈرۈڭلار، ئەسلىدە...

— نېمىگە ئەپۇ سورىماقچىسەن، يىگىت؟

— باياتىن...

— ھە، ئۇمۇ؟ ئۇنداق كىچىك ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ساقمۇ سەن بالام؟

— ئىشقىلىپ...

— ئىشقىلىپ دېگەن نېمە گەپ ئۆزى؟ — ھەيدەر ئەپەندى تۇيۇقسىزلا كىتابنى ۋاراقلاشتىن توختاپ قالدى ۋە كىتابنىڭ ئېچىلغان يېرىگە دىققەت بىلەن سەپسېلىشقا باشلىدى. يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقاپ تۇرۇپمۇ كىتابنى ئۆزىدىن يىراق تۇتۇپ، كۆزىنى قىسىپ قاراشلىرى ئوغلىغا كۈلكىلىك تۇيۇلدى.

— كۈلمە، كەپسىز. مانا ساڭا يارىشىدىغان گەپ. ياخشى ئاڭلا ، ئوقۇپ بېرەي.



www.uyghurkitap.com

ئىشىكتىن بويىنىنى تىقىپ گەۋدىسىنى كىشەككە تىرەپ تۇرغان ھەيدەر ئەپەندىنىڭ جانجىگىرى:
— ماقۇل، تەنبىھلىرىگە قۇلاق ئىزچىل دىڭ، ئەپەندىم، سۆزلىسىلە، ئۇنىۋېرسىتېتتا 35 يىل سۆزلەپمۇ قانمىغان بەندىغۇ ئۆزلە، ئەمدى بىزگە بولسىمۇ سۆزلەپ خۇماردىن چىقمىسىلا گەپ خۇمارى تۇتۇپ ساراڭ بوپقالارلا بەلكىم، — دېگىنىچە كۇتۇپخانىغا كىرىپ، بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇردى. ئاندىن كىتابتىن كۆزىنى ئېلىپ كۆزەينىكىنىڭ ئۇستىدىن ئۆزىگە ئىپادىسىز چەكچىيىپ تۇرغان دادىسىغا قاراپ كۇلگىنىچە قوشۇپ قويدى، — خوپ، پېقىر تەلىم ئېلىشقا ھازىرلاندى.
— بايقاپ سۆزلە، ھە. قۇلاق سال، مانا مۇنۇسى نەق سەن ئۇچۇنلا دېيىلگەن. «ئەي ئىنسان ئوغلى! ئىچىڭ كىبىر ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن تولغان... »
— مېنىڭ ئىچىمما؟ بۇ گەپ ماڭا ماس كېلەمدا؟
— نەق سەن ئۇچۇن يېزىلىپتۇ. يەنە كېلىپ بۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرى پۇتۇلۇپتۇ. مىڭ يىلدىن كېيىن سەندەك مۇغەمبەرلەر جەزمەن چىق بوپكېتىدۇ، سىرتتا دەشنام يېسە ئۆيىگە كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا قاپاق تۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ دانالارچە كۆرۈپ يەتكەن چېغىكەن.
— ھىم.
— نېمە ھىم؟ زوۋانىڭ تۇتۇلغاندۇ؟ يەنە ئاڭلاپ تۇر ھە، — ھەيدەر ئەپەندى نەگە كەلگىنىنى تاپالماي بىردەم

www.uyghurkitap.com

ئۇيەر ـ بۇيېرىنى سىلاپ ـ سىيپىغاندىن كېيىن، ـــ ھە، تاپتىم، ـــ دېدى ۋە ئوقۇشقا باشلىدى: ـــ «بەزىدە ئۆتكەن كۈنۈڭ بىلەن ماختىنىسەن، بەزىدە بايلىقىڭ، مال ـ مۈلكۈڭ ۋە نەسلىڭ بىلەن ئىپتىخارلىنىسەن. كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقۇڭ بىلەن باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇلاردىن يۇز ئۆرۈش ساڭا يارىشامدۇ؟ ئەجدادىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەنمۇ ماختانما. دىققەت قىل ۋە سەگەك بول...!

دوستۇم، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھالىڭ نېچۈك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قوي. مانا شۇ يامان ئادەتلىرىڭنى ئازايت. ئىنسانلىقتا ياراشمايدىغان كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقىنىمۇ تاشلا.»

ئۇ ئوقۇپ بولۇپ بىر چەتتە ئۆزىگە ھەييارلىق بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا «قانداق» دېگەن مەنىدە قاش ئېتىپ قويدى.

ـــ مەن نەدە مەغرۇر، مۇغەمبەر؟ ئېيتىڭە، مەن قاچان ئۆتكەن كۈنۈم، بايلىقىم، نەسەبىم بىلەن ماختىنىپتىمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلانغىلى مەندە نەدە تۇرۇپتۇ ئۇنچىلىك ماختانغۇدەك نەرسىلەر؟

ـــ ھەي ھەي بولدى قىل، يىغلىما بالا. چاقچاق كۆتۈرەلمەيدىغان يىغلاڭغۇ بوپكېتىپسەنغۇ. ئوغۇل بالىغا ئوخشىماي قىلىۋاتىسەنغۇ مۇشۇ كۈنلەردە. قارا بۇ ئوبدان گەپلەركەن. ئاڭلاپ قويساڭمۇ شۇنچە چىرايلىق، يېقىملىق.

ئاڭلىسا، ئاڭلىسا ئاڭلىغۇسى كەلگۈدەك چىرايلىق گەپلەر. يەنە كېلىپ سەنمۇ چوڭ بولۇۋاتىسەن. مانا بىردەمدىلا تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدىڭ. خۇلق ـ ئەدەپكە ياخشىراق دىققەت قىلمىساڭ بولمايدۇ. شۇڭا بۇ گەپلەرنى ئوقۇپ بەردىم.

ــــ كىمنىڭ كىتابى ئوقۇغىنىڭ؟

ــــ ئەللامە زەمەهشەرىنىڭ، ــــ دېدى بوۋاي كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا قايتىدىن قارىۋېتىپ، ــــ ھەقىقەتەن ياخشى كىتاب. يېزىلغىلى مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئېتىباردىن قالغىنى يوق. بەختلىك، سائادەتلىك ياشاي، ئۆزۈمنىڭ خۇلق ـ مىجەزىنى ياخشىلاي دەيدىغان ئادەم ئۈچۈن بىباھا دەستۇر دېگىنە، بالام بۇ.

ــــ يالغۇز ماڭىلا ماس كېلەمدىكىن ياكى ساڭىمۇ خوپ كېلىدىغان يەرلىرىمۇ باردەكمۇ؟

ــــ ساڭىلا، ــــ چېقىشتى بوۋاي.

ــــ مەن سىنىڭ بالاڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنداقتا ئالدى بىلەن سەن ئوقۇپ خۇلق ـ ئەدەپىڭنى ياخشىلا. ئاندىن مەن تەبىئىيلا يىپتەك تۈزۈلۈپ كېتىمەن.

ــــ سەن كاساپەت، نەدىن ئۆگەندىڭ مۇنداق شور تۇمشۇقلۇقنى؟

ــــ سەندىن بولماي يەنە كىمدىن بولاتتى؟ ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق!

— خەپ سىنى! توختا، ئەلى!

بوۋاي تۈتاي دەپمۇ تۇتۇۋالمىدى. ئوغلى شاشلىق بىلەن ئىككى تاقلاپلا كۈتۈپخانىدىن سىرتقا چىقىۋالدى. بوۋاينىڭ ئوغلىنىڭ شوخ، ئوچۇق، چىچەن مىجەزىگە مەستلىكى كەلدى، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

— تاماق يەۋال، بوۋاي. تولا سۆزلەپ قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ. ئانام ئىغىزى قۇرۇپ كەتتىمىكىن دەپ ساڭا ئاتاپ سۈيۈقئاش ئىتىپتۇ.

ئىشىكتىن ئەلىنىڭ بېشى كۆرۈندى ۋە ھەييارلارچە ئىككى ئىغىز سۆزلەپ قويۇپلا يەنە يوقىدى، ئاندىن ئىشىك يەنە ئېچىلدى.

— گېپىڭ تېخى تۈگىمىدىمۇ؟

— سەنمۇ، مەنمۇ ئۇسالكەنمىز، دادا، بوپتۇ قىرىغاندا بولسىمۇ ئادەم بوپقالارسەن. ساڭا قىلغان ياردىمىم بولسۇن، كەچتە باياتىنقى كىتابىڭنى بىللە ئوقۇيلى.

— سەن ئوقۇيسەن، مېنىڭ كۆزۈم بولمايدۇ، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان خۇشلۇقىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

— جاھان تېخى تەتۈر ئايلانمىدى، ئەپەندىم. مۇنبەر، تەلىم بېرىش ھوقۇقى ھامان ئۇستازنىڭ. ھوقۇقىڭىزنى تارتىۋالماي. مەن يەنىلا رايىش ئوقۇغۇچى بولاي.

— ماقۇل، بالىجان!

ھەيدەر ئەپەندى راستتىنلا ھاياجانلانغانىدى. ئوغلى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دادىسىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆتكەن ئۆمرىدىن پەخىرلىنەتتى. دادىسى بىلەن قانغۇچە چېقىشىپ چاقچاقلىشاتتى، لېكىن ئۇنى قەۋەتلا ھۆرمەتلەيتتى. ئەمما ھېچقاچان بۇگۇنكىدەك بىللە كىتاب ئوقۇيلى دەپ باقمىغان. ئەجەبا بۇ ھەيدەر ئەپەندى ئۇچۇن خۇشلۇق بولماي نېمە؟ قېرىغاندا، پېنسىيىگە چىققاندا يېنىڭدا گېپىڭنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بەرگىلى ئادەم بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئىچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەشسەڭ بۇ قانچىلىك راھەت - ھە؟! بۇنىڭ پەيز - راھىتىنى ھەيدەر ئەپەندىلا بىلىدۇ، شۇنى سېغىنىدۇ. مانا ئەمدى ئوغلى ئۆزى تەكلىپ قىلىپ قاپتۇ.

بوۋاي كۇتۇپخانا ئۆيدە ئىككى پىرقىراپ قولىدىكى كىتابنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي ئاخىرى كاللىسىغا بىرنى مۇشتىلىدى ۋە كىتابنىڭ ئوچۇق تۇرغان يېرىنى ھاياجان بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇپ كەتتى:

«ئەي ئىنسان ئوغلى! ئۆمرۈڭ قۇيۇندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. سەن بولساڭ تار كۆز قارىشىڭدىن كەلگەن غەپلەت ۋە ھاڭۋاقتىلىق بىلەن بۇ زاۋاللىق ئالەمدە ئەسىرلەر بويى تۇرۇشنى خالايسەن.

قارىغىنا، ھاياتىڭ پۇتۇنلەي كۈندۈزنىڭ يورۇقى ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدەكلا بىر نەرسە! ۋاقتىڭنى غەپلەت ئۇيقۇلىرى بىلەن ئۆتكۈزمە. جىددىيەت ۋە غەيرەت تولپارىنى ئۆكچىلەپ، ئامانلىق مەنزىلىگە ئۇلاشقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بىرىگە مەنسۇپ بول.»

ھەيدەر ئەپەندى ئۇھسىنغاچ كىتابنى ۋاراقلىدى. كىتاب ئېچىلىپ ـ ئېچىلىپ توختىدى. ئۇ كۆزىنى كىتابقا تىكتى ـ يۇ ھەيرانلىق بىلەن يەنە مۇنۇ قۇرلارنى كۆردى: «ئاتا ـ ئاناڭنى گۆر چىرىتىپ تۇگەتتى. بالا ـ چاقاڭنىڭمۇ ئەينى ئاقىۋەتكە ئۇچرايدىغانلىقى مۇھەققەقدۇر... شۇنداق ئىكەن بۇ ئۆتكۈنچى كۆلەڭگىگە، بۇ پايدىسىز ئۆتەڭگە قىلىۋاتقان ھېرىس ۋە تەمەلىرىڭ نېمىگە ئەرزىيدۇ؟»

— ھەي... يەنە شۇ گەپ، يەنە شۇ قېرىلىق...

ئۇ بارغانسېرى ھايات ھەققىدە، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن ئۆمرى ھەققىدە تولا ئويلايدىغان بولۇپ قىلىۋاتاتتى. ئويلىماي دېسىمۇ يەنە شۇ...

— ھەي، ھەي، تاماق يەۋالسىلا دېگىلى نەۋاخ.

ئايالىنىڭ ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈپ توختاتتى. ھەيدەر ئەپەندى خىجىللىقتىن ئۆزىچە قىزىرىپ كەتتى.

— مانا، مانا... — ئۇ كىتابنى قويۇپ ئايالىنىڭ ئالدىدىن يەڭگىل چامداپ سىرتقا ماڭدى. ئايالى ئۇنىڭ خۇشال غىڭشىشلىرىنى ئاڭلاپ كەينىدىن ھەيرانلىقتا قاراپلا قالدى.

— ياشايمىزۇ، ياشايمىز. مەنە ئىزدەپ ياشايمىز...

— سەن باشلامسەن؟

— يەنىلا سەن ئوقۇ، دادا. سېنىڭ ئالدىڭدا كىتاب ئوقۇسام جىددىيلىشىپ، تەرلەپ كېتىمەن.

— ئۇستاتلىقىڭنى قارا. ئەمىسە باشلىدىم، ھە.

ھەيدەر ئەپەندى گېلىنى قىرىپ، كۆزەينىكىنى قايتىدىن سۈرتتى ـ دە، ئوقۇشنى باشلىدى: «تەقى ـ تۈرقى تۈز بىر تۈۋرۈككە ئوخشايدىغان، دىمىغى كىبىر ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن تولغان، شاھانە كىيىم ـ كېچەكلەر ئىچىدە ئۆزىدىن ھەۋەسلەنگەن بىر ئادەمگە بۇ ھالى ساۋاب ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى گۇناھمۇ؟... بۇ ھال ئىنساننىڭ تامامەن غەپلەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ئېتىكى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان، كىبىر ۋە مەغرۇرلۇققا سەۋەب بولغان كىيىم ـ كېچەكتۇر.»

— كىيىم بىلەن مەغرۇرلۇقنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى دادا؟

— سەن كىيىمنى ئۆز بەدىنىڭنى يۆگەش ياكى گۈزەللىك، سالامەتلىك ئۈچۈن كىيسەڭ بۇنىڭ ھېچقىسى يوق. لېكىن كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىش، بەس تالىشىش، مودا قوغلىشىش ياكى ئۆزۈڭنىڭ بايلىقنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن كىيىنسەڭ، ئەلۋەتتە بۇ مەغرۇرلۇققا ياتىدىغان ئىش.

— بۇنداقلارنى غەپلەتتە دېيىش سەل ئېشىپ كېتەمدۇ قانداق؟

— ئېشىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى غەپلەتتىكى ئادەم دۇنيالىقتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى تاشلاپ نەدىكى ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن پالاقلاپ چاپىدۇ. كىيىم ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز ـ كۆز قىلغۇدەك قىممەت، مەنە ئەكەلمەيدۇ ۋە

بەلكى ئۇنىڭ روھىنى تېخىمۇ چىركىن قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرەڭلىك قىلىپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا بارلىق زېھىن، ۋاقتى، ئىقتىسادىنى شۇنىڭغا سەرپ قىلىۋېتىدۇ ـ دە، باشقا ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇشتىن مەھرۇم بوپقالىدۇ. ئەجەبا بۇ ئۇنى غەپلەتكە پاتۇرۇۋەتكەن بولماي نېمە؟ ساۋاقداشلىرىڭ ئىچىدىكى ياسانچۇقلۇقى بىلەن ماختىنىپ يۈرىدىغانلارغا زەن سالغىنىكى، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن ئىلىم، بىلىم ئىزدەش، ئۆگىنىش، ھاياتنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن بېزەشكە ئائىت گەپلەر ئازراق چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئويناش، يېڭى كىيىم، شۇنى سېتىۋېلىش، كىملەرنىڭدۇر كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىش. شۇنداقمۇ ئەمەس؟

— شۇنداقراق.

— بالام، گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە كىيىمگە مۇناسىۋەتلىك يەنە مۇنداق گەپلەرنى سېنىڭ سەمىڭگە سېلىپ قوياي. بىز ئىنسان سۈپىتى بىلەن كىيىم كىيىپ بەدىنىمىزنى يۆگىشىمىز ھەمدە ئۆزىمىزنى ھەر تەرەپتىن تۈزەپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئەمما كىيىم دەپ ئۈچرىغانلا نەرسىنى كىيىۋەرگىلى، ئۆزىمىزنى خالىغانچە ياساپ ـ تاراۋەرگىلىمۇ بولمايدۇ. كىيىم كىيىشتىمۇ ئەدەپ ـ ئۆلچەم بار. بۇلارغا دىققەت قىلىپ قويغانىنىڭ زىيىنى يوق.

بىراۋنىڭ قانداق كىيىم كىيىپ، قانداق ياسىنىشى

ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدىكى ئىش. ئەمما تېببىي نۇقتىدىن ھەمدە ئىجتىمائىي ئەخلاق، مىللىي مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە كىيىم كىيىپ يۈرگىنى تۈزۈك. ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكى بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا پەرقلىق كىيىم كىيىپ يۈرگىنى تۈزۈك.

تېنىڭنى، ئۆزۈڭنى ھازىردىن باشلاپ ئوبدان ئاسرا. كىيىم كىيىشتەك ئاددىي ئىشتىن تارتىپ دىققەت قىل. كىيىم تەنگە قالقاندۇر. قالقاننىڭ ياخشى، مۇۋاپىق بولمىقى ئەسكەرنىڭ ھايات ـ ماماتىغا بىرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. كىيىمىڭ چاكىنا بولۇپ كەتمىسۇن. تۇرمۇشىمىزغا بىزنىڭ ئادەت ـ تەپەككۇرىمىزغا يات بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر شىددەت بىلەن كىرىۋاتىدۇ. قاراپ باقساڭ، تىكىلىش، بويىلىش شەكلى ئاجايىپ غەلىتە، ھەررەڭ ـ سەررەڭ ۋە ھەتتا چاكىنا كىيىم ـ كېچەكلەر ئەتراپىمىزنى بىر ئالدى. نۇرغۇن ياشلىرىمىزنىڭ ئۇچىسىدا بىزمۇ شۇ خىلدىكى چاكىنا كىيىملەرنى كۆرمەكتىمىز. تۇرمۇشتىن چاكىنا رەڭۋازلىقنى ئەمەس، ئاددىي ـ ساددا ئېسىل گۈزەللىكنى قوغلاشقان ياخشى. ھەممە ئادەمنىڭ ئېستېتىك گۈزەللىكى ئوخشىمايدۇ، كېلىپ چىقىش، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىر ـ بىرىدىن

پەرق قىلىدۇ. بىزنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىز، كىيىنىش ئەنئەنىلىرىمىز بارغۇ. قارىساڭ كىندىكلىرى ئوچۇق، پۇشقاقلىرى يەردە سۆرىلىپ تۇرغان، ھەتتا چۇچىلىرى، قىرلىرى سۆكۈلگەن، بوياق ـ رەڭگىلىرى شۇقەدەر سوغۇق، يېقىمسىز. قارىساڭ، خۇددى ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، جاھاندىن، دۇنيادىن رايى قايتقان كىشىلەردەكلا تۇيغۇ بېرىدۇ.

— قېنى داۋامىغا دىققەت قىلايلى، بالام. زەمەھشەرى ھەزرەت يەنە نېمىلەرنى دېدىكىن. قارا بۇ يۇقىرىقىغا مۇناسىۋەتلىك گەپلەردەك قىلىدۇ. «سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلا، ساڭا مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۈنى جېنىڭدىن ئەزىز كۆرۈش بىلەن نومۇسنى ساقلىمايدىغان گۇناھكار پەس ھەققىدە بايان قىلاي:

بۇ خىلدىكى كىشىلەر بايلىق ۋە راھەت ـ پاراغىتى بۇزۇلمىسۇن دەپ، ئابرۇيىنىڭ ئاياغ ئاستى بولۇشىغا كۆز يۇمىدىغان، ئۆز قارنى تويسا، بالا ـ چاقىسىنى ئويلىمايدىغانلاردۇر.»

— مۇنداقلار جىققۇ تۇرمۇشىمىزدا، — دېدى ئەلى دادىسىنىڭ ئوقۇشىنى بۆلۈپ، — بىلىسەن، قوشنىمىز تېخى ئالدىنقى يىلىلا ئۆلگەن دادىسىنىڭ مىراسىنى دەپ پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ياقا سىقىشىمىدىمۇ؟ بېيىۋالسىلا كۆرەڭلەپ خوتۇن ـ بالىلىرىنى تاشلىۋېتىدىغانلارمۇ جىققۇ ئارىمىزدا.

— جىق ئەمەس، بار، — تۇزەتتى دادىسى، — جىق دەۋالما. يامان نەرسە كۆزىمىزگە جىقتەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ ھەم بىزمۇ ئۇنى كۆپتۇرۈپ سۆزلىۋالىمىز. لېكىن ئاز بولسىمۇ، تەسىرى يامان.

زەمەھشەرى ھەزرەت شەرەپلىك كىشىلەر باياندا مۇنداق دەپتۇ: «بۇ خىلدىكى كىشىلەر يۇقىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەكسىچە. ئۇلار بايلىقنى نومۇسقا قالقان قىلىدىغان، ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە كاتتا خەيرخاھلىق قىلىدىغان، ئاچچىقى كەلگەندە، ئاچچىقىغا ھاكىم بولۇپ ئۆزىنى بېسىۋالالايدىغان، ‹ئېغىر بول، ماختاشقا سازاۋەر بولىسەن› دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە نەسىھەت قىلالايدىغان، بىر ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلغاننى كۆرسە، ‹ئالدىرىما، كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىسەن› دەپ جىددىي ۋە قەتئىي تەۋسىيە قىلالايدىغانلاردۇر.» قېنى سەن قايسىسىغا كىرىسەنكىن؟

ھەيدەر ئەپەندى ئوغلىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن باقتى. ئەلى بېشىنى شارتتىدە كۆتۈرۈپ دادىسىغا قارىدى ۋە قىزاردى.

— باياتىن راستتىنلا چىدىيالماي قالدىم. سېنىڭ بېشىڭغا شۇنداق ئىش كەلسۇنچۇ؟ قارا، سەن ئەڭ يېقىن دەپ بىلىدىغان دوست، ئاغىنەڭ شۇنداق رەزىللىك قىلسا، چىداپ تۇرالامسەن؟

— لېكىن ئاچچىقلىنىش بىلەن ئۇنى ھەل

قىلالىدىكەن؟

— ھەل قىلالمىسامۇ ئۇلارغا بولغان نارازىلىقىمنى بىلدۈردۈم. بۇمۇ بولماپتۇمۇ؟

— ياق، بۇ بوپتۇ. يامانلىققا ئۆزىنىڭ نارازىلىقى، غەزىپىنىمۇ بىلدۈرەلمەسلىك ياخشى ئىش ئەمەس. لېكىن غەزىپىڭ، ئاچچىقىڭ ئۆزۈڭگە، ئەتراپىڭدىكى باشقا مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرگە ئازارلىق ئېلىپ كەلمىسۇن. قارا باياتىن ئاچچىقلاپ كىرىپ، چاپان - چارىلىرىڭنى ئۆيگە پىرقىرىتىپ بىر ئېتىۋىدىڭ، مەن چېغىمدا نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىم. ئاناڭمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— بوپتۇ، مېنى تەنبىھلىمەي داۋامىنى ئوقۇ، دادا. ئاشۇ گۈيلارنى ئويلىسام ئوغام قايناپدۇ. ئېسىمگە سالمىغىنا بولدى...

— توختا، توختا، ئەمىسە مەن شۇلار ھەققىدە بىر گەپ بولىدىغان، شۇنى ئوقۇي. قېنى نەدىتتى؟

ھەيدەر ئەپەندى بىر دەم ۋاراقلاپ ئىزدەپ تېپىپ، ئوقۇشقا باشلىدى:

«بۇرادەرچىلىك قىلىدىغان دوستۇڭ ساڭا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلسىلا، سەن ئۇنىڭ دوستلۇق رىشتىسىگە چىڭ باغلان ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى ئويلىما، ئۇ ھەقنى ھىمايە قىلغۇچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىقتا ۋە سەپەردە دوستلۇقىڭنى داۋاملاشتۇر.

سەن دوست تۇتقان كىشى بۇنداق بولماي، يامان ئىشلارغا يېقىنلاشسا ۋە كۆڭلىگە پۈككەن ھەر خىل يامانلىقلار مەيدانغا چىقىشقا باشلىسا، ئۇنداق دوستنىڭ دوستلۇقىنى «پوپۇچۇقنىڭ بوغقۇچىغا» سات. بىر ـ بىرىڭلارنى باغلىغان مۇھەببەت رىشتىسى بەدىلىگە بىر ئات تۆشۈكى بېرىلسىمۇ، تۆشۈكنى ئېلىپ رىشتىسىنى بەر.

سادىق دوست زەھەر قايتۇرغۇچى دورىدىن خەيرلىك. يامان دوست زەھەردىنمۇ زەھەرلىكتۇر.»

— راست زەھەردىنمۇ يامان. توغرا ئېيتىپتۇ. مەن ئۇلارنى ئايىغىمنىڭ بوغقۇچىغا ساتسام بولغۇدەك.

ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ كۇلۇپ سالدى. ھەيدەر ئەپەندى ئوغلىنىڭ جىددىيلىكىگە نارازىلىق بىلەن قارىدى.

— ئۇلاردىن بىراقلا يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ سەن؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جان دوست دەپ كېلىپ ئەمدى كەلگەندە ئۇلارنى زەھەردىنمۇ يامان دېسەڭ قاملاشماس.

— نەچچە قېتىم بولدى. داۋاملىق چېقىمچىلىق قىلىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ نەتىجىسىگە ھەسەتخورلۇق قىلىپ يامان گېپىنى تارقىتىپ، ئۇلارنى سېستىشقا ئۇرۇنىدۇ. مانا تۇنۇگۇن مېنىڭ كەينىمدىن گەپ تارقىتىپ مۇئەللىمگە چېقىپتۇ. مۇئەللىم ئەكىرىپ بىر مۇنچە كايىدى. مۇنداق ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىسا ھەركىمنىڭ ئوغىسى قايناپدۇ ـ دە. يەنە تېخى يېقىندىن بېرى ئۇ ھاراق ـ تاماكىغا ئۆگىنىۋاپتۇ. ئاڭلىسام كېچىلىرى تورخانىدىن

www.uyghurkitap.com

چىقمايدۇ، دەيدۇ. بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستى، ھازىر كىمنىڭ پۇلى بولسا شۇنىڭ كەينىدىلا. ساپلا لوكچەك مىجەز بالىلار بىلەن ئارىلاشقىلى تۇرۇپتۇ. يەنە نىمە دەيسەن ئۇنىڭغا؟ ئەجەبا، ئۇنىمۇ ياخشى دەپ پىشىگە ئېسىلىپ يۈرەيمۇ؟

— يامان ئادەم، بالام ، خۇي - پەيلى، ئەخلاقى ناچار كىشىلەردىندۇر. يالغانچىلار، جېدەلخورلار، ئوغرى - كاززاپ، ئۆكتەم، كۆز بوياමچىلار يامانلار قاتارىغا كىرىدۇ. يامان ئىنسانىنىڭ سۈپەتلىرى تولىمۇ جىقتۇر. ھەزەر قىلغىنكى، ناچار خۇلق - ئادەت يۇقتۇرۇۋالمىغىن ھەم يامان خۇيلۇق، ئەدەپسىز بالىلار بىلەن بەك يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتمىگىن، يامانلىق يۇقىدۇ. بەتقىلىق بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرسەڭ، كىشىلەر سېنىمۇ يامان بالىلار بىلەن بىر قاتاردا يامان كۆرۈپ قالىدۇ ھەم سەنمۇ يامانلىق، رەزىللىكنى چوڭ ئىش ئەمەستەك، ھەتتا توغرا ئىشتەك ھېس قىلىپ قالىسەن - دە، ئۆزۈڭمۇ تۇيمايلا ئەسكىلىشىپ كېتىسەن. ھوشيار بول!

سەن كىچىكلىكىڭ تۈپەيلى كىم قېشىڭدىن ئەگىپ كېتەلمىسە، شۇنى دوستۇم دەپ ھېسابلاپ يۈرۈۋەرمە، بايقاپ دوست تۇت. ياخشى دوست سېنى ياخشى ئىشقا، ئەدەپكە يېتەكلەيدۇ ھەمدە سېنى ناچار قىلىق - ئادەتلەردىن توسىدۇ. سەن ئۇچۇن راھەتتىمۇ - جاپادىمۇ بىرگە تۇرىدۇ. دوستلۇقنى مەنپەئەتتىن مۇھىم بىلىدۇ.

يامان دوستچۇ؟ ئۇ سېنى قالايمىقان ئويۇن - تاماشىغا،

بەتقىلىق ئادەتلەرگە سۆرەيدۇ. بالام، ئويۇن ھەرگىز يامان ئىش ئەمەس، ئۇ سېنىڭ ئەقلىڭنى ئاچىدۇ. ئەمما تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش... دېگەندەك ئىنتايىن ئېغىر بەتقىلىق ئادەتلەرنىمۇ بىر قىسىم بالىلار ئويۇن دەۋالىدۇ. شۇنىڭدىن خۇشلۇق تاپماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە ئاتا ـ ئانىسىنى ئالدايدۇ. سەن بۇلارنىمۇ دوست بىلىپ ئەگىشىپ ماڭامسەن؟ كالالىڭنى ئىشلەت، دوستنى بايقاپ، سىناپ، كۆزىتىپ تۇت. سېنى ياخشى ئىشلارغا، ئىلىمگە، ئەدەپكە، ساغلاملىق، پاكىزلىققا يېتەكلەيدىغان بالىلارنى ئەڭ زور بايلىقىم دەپ بىل. لېكىن يامانلىق تەرەپكە ئېغىپ كەتكەنلەرنى ياخشىلىق تامان يېتەكلەشمۇ كاتتا پەزىلەت، بالام. ئۇ دوستۇڭغا نەسىھەت قىل، ياردەم قىل. مۇمكىن بولسا ئۇنى ئاتاڭلارغا ئېلىپ ناچار قىلىق ـ ئادەتلەردىن قول ئۈزۈشكە ياردەم قىلىڭلار. زەمەھشەرى ھەزرىتىم بۇ خۇسۇستا مۇنداق دەيدۇ، بالام: «ئۆلۈم خەۋپىڭ ياردىمىڭگە موھتاج بولغانلارنى پەرىشان قىلغىچە ئۇلاردىن ياردەم، ھىمايەڭنى ئايىما، يوقسۇللۇقتىن بىئارام بولغان قېرىندىشىڭغا ياردەم قولۇڭنى سۇنۇپ، ئۇنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ، يىلىنىپ ئالقان ئېچىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭ تومۇزدەك ئىسسىقتا مۇزدەك سۇ بەرگەن بۇلاقتەك، ئىنسانغا ھۇزۇر ۋە خۇشلۇق بېرىدىغان بىر مۇھەببەتتۇر. بۇ ھەرىكەت سېنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىڭغا ۋە سائادىتىڭگە ئالامەتتۇر. تەقدىرلىنىش

ۋە ماختاشقا سازاۋەر بولۇشۇڭغا بىر سەۋەبتۇر.» ئاشۇ دوستۇڭمۇ بىر ھېسابتا سېنىڭدەك ياخشى بالىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج يوقسۇلدۇر. يەنى ئۇنىڭدا ياخشىلىق ئېلىمېنتلىرى ئاز. سەن ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن دىلىغا نۇر ياقالىساڭ بۇ بەك كاتتا ياخشىلىق بولغۇسى.

— بىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلمىدۇق ئەمەس، دادا. نەچچەيلەن ئۇنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ھەمدەم بولدۇق، كىتاب - ماتېرىياللىرىمىزنى بېرىپ تۇردۇق. ئۇنى ئاشۇ ناچار باللارغا ئارىلىشىپ قالمىسۇن دەپ، ئىشىمىز، ئۆگىنىشىمىزنىمۇ قويۇپ ئۇنىڭغا قارىغان بولدۇق. لېكىن... ھېچ پايدىسى يوق.

— ئۈمىدسىزلەنمە، بالام. ئۈمىدسىزلىك ئەڭ چوڭ قاباھەتتۇر. زەمەھشەرىنىڭ مۇنۇ گېپىنىڭ تېگىدە دوستلار ئارىسىدا سەۋرچان، تاقەتلىك، سەمىمىي بولۇشنىڭ ئېسىل پەزىلەتلەردىن ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. «كىشىلەر ئىچىدە مۇشەققەت يۈكىنى ئەڭ كۆپ كۆتۈرگەنلەر دوستلىرىنىڭ چىدىغۇسىز كۈلپەتلىرىگە ياۋاشلىق بىلەن بەرداشلىق بەرگەنلەر، دۈشمىنىنى تاشلاپ، سەمىمىي مۇھەببىتى بىلەن دوستلىرىغا مايىل بولغانلاردۇر. بۇنداق كىشىلەر ئىللىق مىجەزى بىلەن ھېچكىمنى رەنجىتىپ ئەيىبلىمەيدۇ ۋە دوستلىرىدىن ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرىغىنىدا ئۆچ ئالماي، كۆرمەسلىككە، بىلمەسلىككە

سالىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئالىيجاناب كىشىلەركى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئاداۋەت ۋە ھەسەتكە ئەسىر بولمىغان. ئۇلارغا ئىخلاس ۋە پاك قەلب ئېھسان قىلىنغان.» مانا دوستلۇقنىڭ ھەقىقىيسى مانا شۇنداق مېھىر - مۇھەببەتلىك، تاقەتلىك بولىدۇ، بالام.

ــــ ئۇنداقتا ئۇ ماڭا ھەرقانچە يامانلىق قىلسىمۇ مەن يەنە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشىم، يۈزۈمگە تۈكۈرسىمۇ كۈلۈپ قول ئۈزىتىشىم كېرەككەندە.

ھەيدەر ئەپەندى كىتابنى قويدى ۋە كۆزەينىكىنى قولىغا ئېلىپ كۈتۈپخانىنى سالماق قەدەملەر بىلەن بىر ئايلىنىپ چىقتى. دېرىزىنى سەل - پەل ئېچىپ قويۇۋىدى، سىرتتىن ياز كېچىسىنىڭ ساپ، سالقىن ھاۋاسى غۇرقىراپ كىرىپ ئۆي ئىچىگە ئۆزگىچە راھەت بەخش ئەتتى.

ــــ مەن سېنى رايىشلىقتا كۆندۈرمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن قارىغىنىكى قۇياش نېمىشقا شۇنچە ئۇلۇغ؟ چۈنكى ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ تەبىئىتى بويىچىلا ھەرىكەت قىلىدۇ. مەيلى باشقىلار ئۇنىڭغا قانداق قارىمىسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىتىنى، قانۇنىيىتىنى بۇزمايدۇ. دوستلۇقتىمۇ، ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدىمۇ مانا شۇنداق تەركىبلەر بولۇشى كېرەك. سەن ئۆزۈڭ توغرا دەپ قارىغان ئىشقا باشقىلار قانداق قارىسۇن، نېمە دېسۇن، كارىڭ بولمىسۇن. ئۆز نىشانىڭ بويىچە مېڭىۋەر. بىراۋنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنى دوست، قېرىنداش دەپ بىلىش ياخشى ئىشمۇ - ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ياخشى ئىشتە!
— باشقىلارغا سەممىمىي، خالىس، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ياخشى ئىشمۇ ـ ئەمەسمۇ؟
— گەپ كەتمەيدۇ.
— مۇنداق ئادەم قانداق ئادەم؟
— ئەلۋەتتە، ياخشى ئادەمدە.
— سەنمۇ ياخشى ئادەم، ھەقىقىي چىن ئادەم بولاي دېسەڭ مانا شۇ گۈزەل پەزىلەتلەرنى ئۆزۈڭنىڭ تەبىئىتىگە ئايلاندۇر. دوستقا ياردەم بېرىش سېنىڭ تەبىئىتىڭ بولسۇن. دوستۇڭدىن مەيلى كۆلپەت كەلسىمۇ، لېكىن سەن يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بىردەكلىكىڭنى ساقلىيالىساڭ، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولامدۇ؟ چۈنكى سەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ. ياخشىلىق قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىز. بىز بۇرچىمىزنى ئادا قىلغىنىمىزدىن ئۆزىمىزنى مەمنۇن ھېس قىلساق بولىدۇ. ئۆزگە قىلىنىۋاتقان ياخشىلىقنىمۇ بىلەلمەسلىك قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىقى. ئۇ ھەرگىز بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز ئەمەس. شۇڭا ئۇ تۆپەيلى ئاغرىنساق بۇ كامىل ئىنساننىڭ ئىشى بولماي قالىدۇ. ياخشىلىق قىلدىڭمۇ سېنىڭ گەدىنىڭدىكى ۋەزىپە ئادا بولدى. سەن ئۆزۈڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلغىنىڭدىن خۇش بول.
— لېكىن ئۇ تۇزۇك ئېتىبارغا ئېرىشەلمىسە، بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟
— سەن پايدىسى بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيسەن.

ياخشىلىقنىڭ بولۇپ تۇرغىنىنىڭ ئۆزى پايدا بولماي نېمە؟ يامانلىقنىڭ ئازراق بولغىنىنىڭ، ئەسكىلەرگە كۆڭۈل بۆلمەي تاشلىۋەتمەسلىكنىڭ، ئۇلارغا يەنىلا كۆيۈنۈپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەھمىيەت، پايدا بولماي نېمە؟

— ئەمىسە بايىلا يامان دوستنى زەھەر دېدۇققۇ؟ بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

— توغرا، يامان دوست زەھەر. لېكىن كىم ئۇنى ياخشىلىققا قايتمايدۇ، دەيدۇ؟ كىم ئۇنى ھەممە ئادەمنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، دەيدۇ؟ زەھەردىن يىراق تۇرۇشنى بىلىدىغان ئادەم زىيانغا ئۇچرىمايدۇ، زەھەرنى قايتۇرۇشنى، داۋالاشنى بىلىدىغان ئادەم تېخىمۇ ئۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمايدۇ، بەلكى مانا بۇ زەھەرلىك نەرسىنى يوقىتىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ زەھەرلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاجايىپ زور پايدا يارىتىدۇ. ئەجەبا بۇ پايدا ئەمەسمىكەن؟ ئەھمىيەتلىك ئەمەسمىكەن؟ يامان دوست — زەھەر، دەپلا ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم قاچسا بولماس، بالام.

ئەلى ئەمدى چۈشەندى، جىمىدى. دادىسىنىڭ ھامان چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئويلايدىغىنىنى تېخىمۇ تەن ئالدى.

— سەن ھامان پروفېسسورغا لايىق پىكىر قىلىدىكەنسەن، ئاقۋاش، — دېدى ئۇ چېقىشىپ.

— قايىل بولدۇڭمۇ؟ ئايىغىڭنىڭ بوغقۇچىغا ساتامسەن ئاۋۇ دوستۇڭنى؟

— ساتاي دېسەممۇ ئالغىلى ئادەم چىقماسمىكىن؟

ئەلى پىخىلداپ كۈلدى. ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىدىن دادىسىنىڭمۇ كۈلگۈسى كەلدىيۇ، لېكىن دەررۇ سۈرلۈك قىياپەتكە ئۆتتى:

— ئاغزىڭنى يىغ. هازىر دېگەن ئاقارتىش دەرسى. قارا، سەن يەنە كۆڭلۈڭدىكى قارىلىقنى ئاشكارىلىدىڭ.

— نېمە قارىلىقنى ؟

هەيران بولدى ئەلى.

— ساتقۇڭ باركەندە، ساتىدىغىنىڭ سامان ئەمەس، ئادەم جۇمۇ! ئىنساننىڭ نەقەدەر بۈيۈك، بىباھا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما.

— چاقچاقمۇ قىلغىلى بولمامدۇ ئەمدى سەن ئەللامىنىڭ قېشىدا.

— كىمىڭنى مازاق قىلىۋاتىسەن؟

ئەلى كۈتۈپخانىدىن سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى ۋە چىقىپ كېتىۋېتىپ توۋلىدى:

— ئەمدى ئۇخلىسىلا، تۆرەم. ئاقارتىشنى ئەتە كەچ ئېلىپ بارايلى. مەن ئەتە ئەتىگەن دەرسكە بارمىسام بولمايدۇ. تولا ئاڭلاپ كېچىچە پەلسەپە چۈشەپ، ئەتە دەرس ۋاقتىدا هاڭۋېقىپ قالماي يەنە.

— ياخشى ئۇخلا!

هەيدەر ئەپەندى بالىسىنىڭ كەينىدىن هەۋەسلىنىپ قاراپ قالدى. قانچە شوخ، جۇشقۇن، ئېتىك چاغلار ـ هە؟! مۇشۇنداق ياش، شاش چاغلاردا ئىلىم، پەزىلەت ۋادىسىغا

ئېلىنغان ھەربىر قەدەمدىن چوقۇمكى خۇش پۇراق گۈللەر ئۈنۈپ چىقىدۇ.
ئۇ قولىدىكى كىتابنى ۋاراقلاپ ـ ۋاراقلاپ خالىغان بىر يېرىدە توختىدى ۋە ئاستا، ۋەزىنلىك ئوقۇشقا باشلىدى: «دۇنيا دەۋردىن دەۋرگە، ئىنسانلارمۇ بۇ دۇنيادا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتۈپ تۇرىدۇ. سەن ھەر كۈنكى ھەرىكىتىڭدە ھەق يولىنى تۇت، ھەرقايسى جەمئىيەتلەر بىلەن پىكىر ئايرىمچىلىقلىرىڭنى ھېسابقا ئېلىپ بىرلىكتە ئولتۇرۇشنى بىل. ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشقا تىرىشقىن. چۈنكى زاماننىڭ ئېقىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ زامانغا نىسبەتەن كۆز قارىشى ھەر دائىم ئارزۇ قىلغىنىڭدەك بولمايدۇ.
ھەربىر ئارزۇيۇڭدا دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەر ساڭا ماسلاشماسلىقى مۇمكىن. يامان نىيەتلىك كىشى ئاربلاپ ـ ئاربلاپ سېنىڭ پىكرىڭگە يول قويغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بۇنداق يول قويۇشنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما، ئۆزۈڭنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇۋەتمىگىنكى، داۋاملىق ئۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# غەپلەتتە ياتما

ھەيدەر ئەپەندى ئوغلىنى خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلىدى. ئۇ ئاخشامۇ ھاياجانلىنىپ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىغانىدى. مانا بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن كاللىسى ناھايىتى سەگەك، روھلۇق، پىكرى ئۇرغۇپ تۇرغان ھالدا يۈردى. ئىچىدە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆتكەن جۇشقۇن، مەنىلىك كۈنلىرىنى ئەسلىدى. سۆزلەپ، ئويلاپ، مۇنازىرىلىشىپ، ئىزدىنىپ ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەر نەقەدەر مەنىلىك ـ ھە؟! پېنسىيىگە چىققىنىغىمۇ، مانا ئەمدى تار ئۆيدە سولىنىپ ئولتۇرىدىغان گەپ. خوتۇنۇڭ بىلەن سۆزلىشىپ، مۇنازىرىلىشىپ، ئۆتۈپ بولغىلى بولمايدۇ. قازان ـ قومۇچىنىڭ، سۈپۈرگە ـ نوغۇچىنىڭ غېمىنى بەكرەك ئويلايدىغان موماي سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى دىلكەشلىكنى چۈشەنسۇنمۇ؟ چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا يىپ ـ يىڭنىنىڭ، كىيىمنىڭ ياكى قايسىدۇر بىر قوشنىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ بەرسەڭ بەكرەك ئېچىلىپ سۆزلىسە سۆزلەيدۇكى، مۇنداق گەپلەرگە ئۇ ھامان ناقىس. ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسى قېرىدى، پۇت ـ قول، بەلگە ئاغرىق مىنگەشتى. ئۇلار بىلەن ئاندا ـ ساندا ئىزدىشىدۇ، لېكىن كۈندە بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە سوكۇلدىشىپ بولغىلى

بولمايدۇ ـ دە. مانا مۇشۇ كۇتۇپخانا، كىتاب ۋە ئاندا ـ ساندا بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى يېزىپ قويۇش ھەيدەر ئەپەندىنىڭ كۆڭۈل خۇشىغا، زېرىكىشلىك كۈنلىرىنى مەنىگە ئورايدىغان ئادەتلەردىن بولۇپ قالدى. تۇنۇگۈن ئوغلى ئەلى بىرگە كىتاب ئوقۇيلى دېۋىدى، بۇ گەپ ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى. ئۇنۇمىمۇ كارامەت قالتىس بولدى. ئەمدى ئۇ كەلسە يەنە باشلايدۇ. زەمەھشەرى ھەزرەتنىڭ زىكىر ـ پىكىرلىرىنى تەلقىن قىلىدۇ، شۇ باھانىدا ئوغلىغا ئەدەپ ـ ئەركان ئۆگىتىدۇ. بۇ ياخشى ئىش. ئەلىنىڭ قىزغىن بولۇپ بەرگىنى تېخىمۇ ئوبدان بولدى. قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ ماۋۇ بەڭۋاشىنىڭ. كىملەرنىدۇ چېلىپ، كىملەرگىدۇ چاقچاق قىلىپ يۈرەمدىغاندۇ يولدا يەنە؟ ياشلىقىمدا مەنمۇ مۇشۇنداق بولغىيمىتتىم؟ تېرىسىگە سىغماي چاپچىپ تۇرىدىغان چاغلار، قېنى، قېنى، ھە؟

ئۇ توساتتىنلا باياتىن تېخى ئاخشام كىتابنى ئوقۇپ نەگە كەلگىنىنى تېپىپ قوياي دەپ ۋاراقلاۋېتىپ ئۇچرىغان مۇنۇ گەپلەرنى ئەسلەپ قالدى: «ئەي قېرىنداش! ئاتا ـ ئانىلىرىمىز قېنى؟... ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ ھەمراھ، دوست ـ يارەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قېنى؟ بىر يەردە ئولتۇرۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ دەردىگە ئورتاق بولغان سىرداش جاندوستلار قېنى؟

شۇنداق، ئۇلار ھازىر ئارىمىزدىن كەتتى. گويا بۇ دۇنيادا ياشىمىغاندەك، ماكانلىرى قۇپقۇرۇق قالدى. بىر زامانلاردا كونىلارنىڭ يۇرتلىرى بولۇپ، ھازىر قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان

دىيارلار زىيارەتچىلىرىدىن نەسىھەت ئالىدىغان كىشىلەرگە ساۋاق بولۇشقا كۇپايە. غەپلەتتىن ئويغانمىغان غاپىللارنىمۇ غەپلەتتىن ئويغىتىشقا يېتەرلىكتۇر.»

راست، قېنى شۇلار؟ بىز شۇلارغا قانچىلىك مېھرىبانلىق كۆرسەتتۇق؟ بوۋاينىڭ كۆڭلى بىردىنلا يېرىم بولدى. ۋاقىتنى قەدىرلەش كېرەك، ئازغىنە قالغان مۇشۇ ئۆمۈرنى بولسىمۇ ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىشى كېرەك.

بوۋاي شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆمرى ھەققىدە خىيالغا پاتتى. مانا قېرىپتۇ، ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى. ياق، ئۇ تۇغۇلغاندىلا ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ھالدا تۇغۇلغان. بۇ دۇنيادا كىم بىلىدۇ ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلۈپ، قاچانغىچە ھايات قالىدىغانلىقىنى. غەنىيمەت دۇنيا، سىرلىق دۇنيا. بەزىلەر تۇغۇلماي، ئانىسىنىڭ قارنىدىن بۇ ئالەمدىكى يورۇقلۇقنى كۆرمەيلا كېتىدۇ، يەنە بەزىلەر بىرەر يۈز يىل ياشاپ، بەزىدە ھەتتا ئۆمرىمىزنى بىلىدىغاندەك 60 — 70 ياشلارنى تەخمىن قىلىپ، ئۇنىڭغىچە ئۆلمەيدىغاندەك تۈيغۇدا قانداقتۇر خام خىيال، پىلانلارنى قىلىمىز. ئەسلىدە ھەركىمنى ئۆلۈمگە تەييارلىنىپ، جىددىي، تەخىرسىز ۋە كىشىلەر ئارىسىدىن ھازىرلا كېتىدىغاندەك ئۆلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ياشاش كېرەك ئىكەن بۇ دۇنيادا. ھەربىر قەدىمىنى مەنىگە، ئەھمىيەتكە تولدۇرۇپ ياشىيالىساڭ، مەيلى قانچىلىك ياشا، قانداق ياخشى - ھە؟!

بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى ۋە سىرتتىن كېلىۋاتقان يازنىڭ ئىسسىق، ئەمما گۈل پۇرايدىغان هاۋاسىدىن تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى.

— يەنە شۇ خىيال دە، ئاقۋاش.

ئىشىك ئېچىلىپ ئەلىنىڭ يەنە شۇ شوخ، جاراڭلىق، هەييارلىق قوشۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بوۋاينىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئەلىنىڭ جۇشقۇنلۇقى ئۇنى نېمىشقىدۇر بەكلا سۆيۈندۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ بالىسىغا ئوخشاش جانلىق، تېتىك يۈرگۈسى كېلىدۇ.

— كېلە، مەكتەپتىن قويۇۋەتكىلى نەۋاخ. نېمە ئىش قىلدىڭ بۇ چاغقىچە؟

— هوي، سەن سائەتكە قاراپ ۋاقىت هېسابلاپ تۇرمىغانسەن؟

— سائەتكە قارىمىساممۇ بىلىمەن دە!

— مەكتەپ دېگەندە ئىش چىقىدۇ. يەنە كېلىپ مەكتەپ بولمىغاندىمۇ مەنمۇ ئادەمدە، مېنىڭمۇ ئىش - كۈشلىرىم بارده. قىلىدىغان ئىشىڭ بولغاندىكىن شۇنى قىل هە، دادا.

— سوراپ قويدۇم، كاساپەت.

— هە، ئاخشام ياخشى ئۇخلاپسەنمۇ ياكى كېچىچە چۈشۈڭدە مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ تەنبىھ ئىشلەپ چىقىپ هېرىپ كەتتىڭمۇ؟

— ساڭا نېمە دەپ تەنبىھ ئىشلەي، ئاقىللارغا گەپ بىهاجەت، بالىجان.

— ۋاي ۋاي قانداق قىلاي، ئادەمنى چالمىغىنە، دادا، ئەمدى، ئەمدى سەنمۇ؟ كىشىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ ماختىسا غەلىتە تۇرىدىكەن.

بوۋاي نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك ئىتتىك بىرىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى كىتابنىڭ باياتىنلا قاتلاپ قويغان يېرىنى ئاچتى ۋە كۈلۈپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟

— قارا، بۇ گەپكە. زەمەھشەرى دەل مۇشۇ ھەقتە مۇنداق دەپتۇ: «بىرىنى كىشىلەر ئارىسىدا ھەددىدىن زىيادە ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاش ئەمەلىيەتتە پۇتۇنلەي ئۆزىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ كىچىكلەتكەنلىكتۇر. شان - شەرەپ ۋە شۆھرەت بىلەن كىشىلەرگە تونۇتۇش ئەمەلىيەتتە نام ۋە شان - شۆھرىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلغانلىقتۇر.

شۇنداق ئىكەن، نامسىز ۋە شۆھرەتسىزلىكنى شۆھرەتتىن، ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىك ۋە ئۆز ھالىغا بېقىشنى شان - شەرەپ ۋە بايلىقتىن ئەلا بىلگىن. بۇنىڭ بىلەن مۇشەققەت چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، يوشۇرۇن سۈيىقەست ۋە ھەسەتتىن يىراق بولۇپ بەختىيار ياشايسەن.

دۇنيادا بايلىق ۋە شۆھرەت ئىگىسى بولغان ئادەم يا باشقا بىرىنىڭ سۈيىقەست ۋە ھەسەت ئوقىغا نىشان بولۇش بىلەن، يا ئۆزى باشقىلارغا يوشۇرۇن سۈيىقەست ۋە ھەسەت قىلىش بىلەن يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

سۈيىقەست بىلەن ھەسەت شۇنداق بىر يامان كېسەلكى، كىشىنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەپ، قىيىن ئەھۋالغا

چۈشۈرۈپ قويىدۇ...»
— كۆرگەنسەن، سەن مېنى قەستەن چۈشۈرمەكچىمۇ ياكى ھەسەت ئوقىغا يەم بولسۇن دەمسەن يا؟
— بولدى قىلە، ياخشى گەپتىنمۇ قۇسۇر تاپامسەن ئەمدى. بولدى، بولدى. كېلەمدۇق؟
— ھېلى ئاپام تاماققا چاقىرارمىكىن؟
— تاماق تەييار بولۇپ بولغىچە ئىككى بەت بولسىمۇ ئوقۇيمىز. ھايات غەنىيمەت، بالىجان.
— ماقۇل، ئوقۇ ئاتىجان. ئەتىدىن بېرى گەپ قىلغۇڭ كېلىپ، ئېغىزىڭ قىچىشىپ ئاران تۇرغانسەن ھەقچان. ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشىمۇ ساۋاب دەيدۇ. سېنىڭ ھاجىتىڭدىن چىقىپ، رەھمىتىڭنى مەن ئالاي.
—سەن نېمە دېمەكچى؟ بولدى چىق، چىق. سېنىڭچە مەن ساڭا مۇشۇنى ئوقۇپ، سۆزلىۋالمىسام ياشىيالمايدىكەنمەندە.
— ۋايجان، بولدى قىلە، ئادەم قېرىسا كىچىك بالىنىڭ خۇيى كىرىپ قالارمىشكەن. بارغانسېرى جىلىخور بولۇپ قېلىۋاتىسەنغۇ، دادا.
— تىلىڭ نېمانداق زەھەردەك بوپكېتىۋاتىدۇ؟ مەكتەپتە مەخسۇس ئادەم تىللاش، كىشى زاڭلىق قىلىشنى ئۆگىتىۋاتامايدىغاندۇ؟
— مەكتەپتە مۇنداق گەپلەرنى ئۆگىتەمدۇ؟ بولدى قىلە، ۋاي - ۋۇي، ئوقۇساڭچۇ، خۇش زەبانىڭغا ئىنتىزار قىلماي مېنى؟

ئەلى ئاخىرقى جۈملىنى شائىرانە ھېسسىيات بىلەن سوزۇپ دېدى. بۇنىڭدىن ھەيدەر ئەپەندى «ئالە شەربىتى» دېگىنىچە چىچاڭشىدى، ئەلى تېزىغا مۇشتلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئوقۇدۇم، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى قاپىقىنى تۈرۈپ سۈرلۈك قىياپەتكە قايتىپ.

«ئەقىللىق ۋە ئېھتىياتچان كىشىلەر، ئەستايىدىل ئەرلەر مەسىلىلەر ئالدىدا ئۇخلاش بىر ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مۈگدەپمۇ باقمايدۇ... ئۇلار ھەمىشە دىققەت بىلەن، ئەڭ كىچىك بىر كۆرسەتمىدىن چوڭ مەنىلەرنى چىقىرىدۇ. يىراق - يىراق ئىشارەتلەردىن نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىبرەت دەرسى ئالىدۇ.

خەۋىرىڭ بولسۇنكى، ئەتە سېنىمۇ بىر تاۋۇتقا سېلىشى مۇمكىن. تاڭغا ساق - سالامەت ئۇلاشمىقىڭ بولمايدىغان بىر ئىش ئەمەس...»

— ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلاۋاتىمەن.

— سېنىڭدەك مۇھىم گەپنىمۇ چاقچاقتا ئايلاندۇرۇشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن، مانا بۇ ئەستايىدىل ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. مەسىلىلەرگە ئىنچىكە قاراش كېرەك، ئۇنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ھەربىر ئىشنىڭ تېگىدە چوڭقۇر مەنە، تەجرىبە بار. ئەنە شۇنى تۇتۇشقا تىرىشىش كېرەك.

«ھۇرۇنلۇق ۋە بوشاڭلىقنى تاشلا. ئىش سېنىڭ

ئويلىغىنىڭدەك ئاسان ئەمەس. ئۆلۈم خەۋەرچىسى ھەمىشە چاقىرماقتا. ھايات بولغانلار بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كەتمەكتە...»

ــــ مانا مۇنۇسى ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان گەپ. ھاياتلار بىر ـ بىرلەپ كەتمەكتە.ئىبرەت ئېلىش كېرەك. تۇنۇگۇنلا دەسسىسىمۇ يەر تىترىتىپ ئۆتىدىغانلار ئەتە قارىساڭ تاۋۇتىدا مۇزدەك قېتىپ ياتىدۇ، بىردەمدىلا ئىككى مېتىر يەرنىڭ تېگىدە، قاراڭغۇ گۆردە ياتىدۇ. ئىبرەت ئېلىش كېرەك، بالام. ھاياتنى قەدىرلەش كېرەك. مۇمكىن بولسا ھەركۈنلۈك ئىشىمىزدىن ھەركۈنى ھېساب ئېلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. قارا، مەن ئەتىگەن باشقا بىر كىتاب ئوقۇغانىدىم، ئۇنىڭدا ھاياتىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش ھەققىدە مۇنداق گەپلەر بار.

ھەيدەر ئەپەندى كىتاب ئىشكاپىدىن باشقا بىر كىتابنى ئالدى ـ دە، بىر ھازا ۋاراقلاپ يۇرۇپ ئۇنى تېپىپ ئوقۇشقا باشلىدى: «مۇئەييەن ھايات يولىنى بېسىپ بولغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ ئۆزى باسقان ئىزلارنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى تەكشۈرۈپ، سەمىمىيەت بىلەن خۇلاسە چىقارمىقى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ 60 ياشقا تولغانلىق مۇناسىۋىتىدە يازغان ‹تارىخنامە› ناملىق ئېسىل رىسالىسىدە ئۆزىنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خۇلاسىلەرنى چىقارغان ۋە ‹بىر چاغلاردا تۇتىيا بىلىپ قاتتىق چاڭگاللىۋالغان›

نەرسىلىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلاشقا پىداكارلىق قىلغان ئەقىدىلىرىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى سەمىمىي رەۋىشتە بايان قىلغانىدى. ئەگەر ئۇ بۇ ھايات خۇلاسىسىنى 50 ياشتا ياكى 40 ياشتا يازغان، قىسمەت قاراشلىرىنى ئويلىنىپ تۇرۇپ ئەقىلنىڭ ئەلگەكلىرىگە تاشلاپ يازغان بولسا، بىز بۇ ئۇلۇغ ئالىمدىن تېخىمۇ بۈيۈك ۋە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك نەتىجىلەرنى كۆرەلىگەن بولار ئىدۇق. ئەگەر ئۇ ھاياتتىمۇ ئۆزى قاتتىق چاڭگاللىۋالغان نەرسىلىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلىمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھاياتى ھەققىدە ئويلانمىغان بولسىچۇ؟...

بىزدە ئۇلۇغ ئادەملەر كۆپ ئۆتتى. ئەمما بىز نۇرغۇنلىرىنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېلىپ بارغان ھايات خۇلاسىلىرىنى، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا ئۆلۈمنى بېشىغا ئېلىپ تۇرۇپ سەمىمىيلىك بىلەن يازغان ئوي - خاتىرىلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدۇق. ئۇلار يازدىمۇ - يازمىدىمۇ، ھاياتتىن ھېساب ئېلىپ بېقىشنى مۇھىم بىلدىمۇ - بىلمىدىمۇ بۇ بىزگە نامەلۇم... بەلكىم ئۇلارنىڭ ياشلارنى، ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارنى ساۋابقا، ئىبرەتكە يېتەكلەيدىغان، ھاياتقا سىگنال بولىدىغان ئېسىل كەچمىشلىرى بولغىيتتى؟

مەيلى قايسى ياش باسقۇچىدىكى، قايسى كەسىپ - ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بولماڭ، مۇئەييەن مەزگىلدە بىر ئۆزىڭىزدىن ھېساب ئېلىپ ھاياتىڭىزدىن خۇلاسە چىقىرىپ تۇرۇڭ. بۇ سىزنىڭ ياخشى - يامان يوللار

ھەققىدىكى تونۇش ـ ئىرادىڭىزنى ۋە ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. پۇشايمانلىق، قاباھەتلىك ئۆتمۈش سىزنى يامان يوللاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەمدە ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ. ئەگەردە قۇربىڭىز يەتسە ئۆزىڭىزنىڭ ئەخمىقانىلىقلىرىڭىزنى، ئاجىزلىقلىرىڭىزنى، بىھاجەت ئىشلار ئۈچۈن قىلغان ئەقىدە ـ ئىخلاسىڭىزنى، چىركىن تۇرمۇش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىڭىزنى، سىزنى ئەڭ نادامەتتە، ھەسرەتتە، پۇشايماندا قويىدىغان ئىشلىرىڭىزنى يېزىپ قويۇڭ ۋە بالىلىرىڭىزغا، مۇمكىن بولسا ياشلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشىغا سۇنۇڭ، ياشلىرىمىز ئىبرەتكە، ئالدىنقىلارنىڭ، پېشقەدەم ئاقساقاللارنىڭ ساۋاق ـ تەجرىبىسىگە موھتاج. ياشلار قىزىققان، ئالدىراڭغۇ، ھېسسىياتچان كېلىدۇ، توغرا بولسىمۇ ئېقىمغا ـ ئىزملارغا ئوڭايلا ئەگىشىپ كېتىدۇ، ئاسان قايمۇقىدۇ. بەزى ھاللاردا توغرا مەۋقەدىمۇ راۋۇرۇس چىڭ تۇرالمايدۇ. ياشلارنىڭ گۆدەكلىكى چوڭلارنىڭ، ئاقساقاللارنىڭ تەربىيىسىگە موھتاج، ياشلارنىڭ تەنتەكلىكى تەنبىھكە موھتاج، ياشلارنىڭ ئەنئەنە، ئېتىقاد ئالدىدىكى كۆرەڭ، مەغرۇرلۇقى ئەمەلىي، ئىلمىي، جانلىق يېتەكلەشكە موھتاج. ياشلارنىڭ قارىغۇلارچە ئىستېمال مەدەنىيىتىنىلا قوغلىشىشى روھى تاكامۇللاشقان، بىلىملىك، ئەقلى پىشقان مويسىپىتلەرنىڭ سەمىمىي پىكىر ـ نەسىھەتلىرىگە زارۇزار. بىزنىڭ پېشقەدەملىرىمىز، ئاقساقاللىرىمىز ياشلارنىڭ، بالىلارنىڭ گۆدەك ـ تەنتەكلىكىدىن يەتكۈچە ئاغرىنىدىغۇ،

نىمىشقا ئۇلارغا ئەمەلىي ساۋاق بېرىشنى ئويلاپ قىلمايدۇ. ياشلارنى يېتەكلەشتە تەجرىبە كېرەك. ئۇلار سەمىمىي رىغبەت ـ ئىبرەتكە بەكلا ئېھتىياجلىق. ياشلارنىڭ ئەقىلسىز تەنتەكلىكىنى ھەرگىز توغرا چۈشىنىش، كەچۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنى تەربىيىسىز تاشلاپ قويۇپ تىللاۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ. ئالدى بىلەن ئۇلارغا توغرا، ساغلام ياشاش يولى ھەققىدە چۈشەنچىنى كۆپرەك بېرەيلى. مۇشكۇلاتلار ئالدىدا نىمە قىلىش، ئازغۇن نەرسىلەر ئالدىدا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ياشلارغا بىلدۈرەيلى. ئاندىن ئۇلارنىڭ چىن ئىنسانىيلىقىقا تولغان رەھمەت يوللىرىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلايلى. تەخەيىنىمۇ ئالدى بىلەن ھارۋىغا ئۆگىتىپ ئاندىن ساپانغا قاتىدىغان، رايىش ئېشەك قىلىپ ئىشلىتىدىغان گەپ! ئاتىلار، ئالدى بىلەن بالىلارغا ھاياتىڭلار ھەققىدىكى خۇلاسە، ئۆكۈنۈش ـ پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېرىپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ قەلبى بىر ئاتىنىڭ دۇنيا، دۇنيا ھەققى ئالدىدىكى سەمىمىي زىكىرلىرىنى ئاڭلاپ باقسۇن. ئۆز ئاتىلىرى، ئۆز پېشقەدەملىرىنى ئۆكۈندۈرگەن، ئەپسۇسلاندۇرغان نادامەت يوللىرىغا ئەقلى ئويغاق، تەربىيەتلىك پەرزەنتلەر پۇت تىقمايدۇ. بەلكىم ھايات تەجرىبىلىرىدىن ئىبرەت ـ ساۋاق ئېلىپ ياخشى يولغا قايتىدۇ، ياخشىلىق ھەققىدىكى ئىخلاسى چىڭىيىدۇ.»

ھەيدەر ئەپەندى بىردەم توختىۋالدى ۋە كۆزەينەكنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن يەنە داۋاملاشتۇردى: «ھاياتىڭىزنى

خۇلاسىلەپ بېقىڭ، ئۆمرىڭىزدە قانچىلىك ياخشى ئىشلارنى، قانچىلىك ئەسكى ئىشلارنى قىپسىز؟ كىملەرنى قانداق خۇش قىلىپ، كىملەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپسىز؟ ئۆزىڭىز نىشانلىغان هاياتلىق مەنزىلىگە قانچىلىك يېقىنلىشىپسىز؟ هازىرغىچە سىزنى ئۆكۈندۈرىدىغان نېمە ئىشلارنى قىپسىز؟ هاياتتىن تاپقىنىڭىز نېمە بولدى؟ نېمىلەرنى يوقاتتىڭىز؟ ئاتا ـ ئانىڭىز، قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرنى قانچىلىك رازى قىلىپ كەلدىڭىز؟ سىز ئۆلسىڭىز سىز ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ياش تۆكىدىغان ياكى سىزنى ‹رەھمەتلىك دۇنيالىقىدا ياخشى ياشاپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. تەڭرىم، ياتقان يېرىنى رەھمەت نۇرلىرى بىلەن يورۇق قىلغاي› دەپ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تەرىپىڭىزنى قىلىپ ئاخىرەتلىكىڭىزگە ئاق يول تىلەيدىغان ئادەمدىن قانچىسى چىقار؟ كىملەر سىزنىڭ ئۆلۈمىڭىزدىن قايغۇرۇپ، كىملەر سىزنىڭ ۋاپاتىڭىز تۈپەيلى شادلىقتا چۆمەر؟ ۋە ياكى تولا ئادەم ھېچ ئىش بولمىغاندەك نامىزىڭىزنى ئىپادىسىزلا چۈشۈرۈپ ئاپىرىپلا چامغۇر كۆمگەندەك كۆمۈۋېتىپ ئەتىسىلا سىزنىڭ بۇ ئالەمدە مانچە يىل ياشاپ ـ ئۆملەپ يۈرگىنىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالارمۇ؟...

ئەي، ئىنسان ئويلىنىڭ، ئەمەلىي ئويلىنىدىغان، ئۆزىڭىزدىن ھېساب ئېلىپ باقىدىغان چاغ بولدى. بىر ئىنسان ئۆمرىدە ئۆزىدىن بىرەر دەقىقىمۇ ھېساب ئېلىپ باقمىسا ۋە ياخشى ـ يامان ئەمەللىرى ھەققىدە چوڭقۇر

ئويلارغا پىتىپ باقمىسا شۇبھىسىزكى، بۇ ئىنسانىنىڭ ھاياتىدىن باشقىلارمۇ خۇلاسە چىقارغۇدەك گەپ تاپالمايدۇ. نەتىجىدە ئۆلگەندىمۇ ئاپىرىپلا بىر ـ ئىككى ئېغىز رەسمىيەت يۈزىسىدىكى گەپلەرنى قىلىپ كۆمۈۋېتىپ قايتىپ كېلىدىغان گەپ. ئىنساننىڭ ھاياتى خۇلاسە چىقمايدىغان قۇرۇق دوكلات ئەمەس. ئۇنىڭدا ياخشىلىق ـ يامانلىق، سائادەت، زالالەت خەۋەرلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ھالەتتە مىجىقلىنىپ ياتىدۇ. ياخشى ـ يامان يولنى بايقىماي، باشقىلار كۆرسىتىپ قويغان يول، باشقىلار تۇزۇپ بەرگەن ئۆلچەم ـ مىزانلار بويىچە ياشاپ كۆنگەن بىر ئىنساننىڭ ھاياتى خۇددى قىل ـ توپىغا مىلەنگەن خېمىرغا ئوخشايدۇ. سىز توپىغا، قىل ـ چەللىگە مىلەپ بولغان ھاياتلىق زۇۋۇلىڭىزنى قايتىدىن يۇغۇرالمايسىز. لېكىن ئۇنىڭدىكى ھارام بالالاردىن، مەينەتچىلىكتىن ئىبرەت ئالالايسىز. كېيىنكى يولىڭىزنى پاكىز، مەنىلىك، ئۆزىڭىز رازى بولغۇدەك باسالايسىز. مەن ئۆلگىچە تووۋا قىلىپ باقماي قارا تۈننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ئۈچۈن قايغۇرىمەن، سوكۇت ئىچىدە ئەپسۇس ئېيتىمەن. ئادەمنىڭ ھاياتى بىرلا قېتىم كېلىدىغان، ئىنتايىن چەكلىك جەريان. ئۇنى ئويلىشىپ بېسىش كېرەكقۇ؟ ھاياتنى قەدىرلەش ئىنسانىيلىقتىكى ئەڭ ئەقەللىي پەزىلەتقۇ؟! ھاراق ئىچكەن، مەست پېتى ئۆلۈپ كېتىدىغان، مېيىتنى يۇيۇشقىمۇ يېقىن يولىغىلى بولمايدىغان، بىر ئۆمۈر خوتۇن ـ باللىرىنى، قولۇم ـ

قوشنا، ئاتا ـ ئانا، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى قاقشىتىپلا ئۆلۈپ كېتىدىغان، قوۋمىنىڭ سەرخىل كۈچلىرىنى سېتىپ خەجلەيدىغان، بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەي ھە دېسىلا غەيۋەت ـ شىكايەت، باشقىلارنىڭ كەينىدىن ئۆسەك گەپ تېپىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، تىنىقى توختىغۇچە ھاياتتا قىلمىسا، بېجىرمىسە زادىلا بولمايدىغان ئەخلاق، ئادەت مىزانلىرىغا سەممىي رەۋىشتە يۈزلىنىپمۇ باقمايدىغان ئەرلىرىمىز، ئادەملىرىمىز قانچىلىك چىقىشى مۇمكىن؟...

ئەمدى بولسىمۇ ئويلىنىڭ، ئويغىنىڭ، كىمدۇر بىرىنىڭ ‹بىر ئىنسان 60 ياشقا كىرىپمۇ ئىنساننىڭ كەلمىش ـ كەتمىشى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان سىر، ئۇچۇر، مەنە، مەجبۇرىيەتلەر ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىسا ئۇنداق ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىش بەك تەس› دېگەن مەزمۇندىكى گېپىنى ئوقۇغانىدىم. مەن دەيمەن، ھايات تىنىقىڭىز توختىغۇچە سىزگە تەئەللۇق، ئېغىزىڭىزغا ياسىن سۈيى تېمىتىلىۋاتقاندا تۇۋا قىلىسىڭىزمۇ مەيلى، ئۆزىڭىزگە، ئىنساننىڭ تۈپ ۋەزىپە، مەجبۇرىيەتلىرىگە قايتىڭ، كېچىكىپ ئويغىنىش ھېچبولمىسا قەتئىي ئويغانماي ئۆيقۇلۇق ھالەتتە لەھەتنى تاپقاندىن ياخشى.

بەزى ھاللاردا غاپىللارنىڭ ئويغىنىشى ئۆلارنى ئىلىم ـ ئەقىدىسى مۇرەسسەسىز كەسكىن ۋە چىڭ تەقىۋادارلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئىلىم ـ ھۈنەر ئىزدەشتە كېچىكىش يوق. ئويغىنىشنىڭ ۋاقتى قەرەلسىز، دەرىجىسى چەكسىز. ئەسلىي ھاياتنىڭ قانداقلىقىنى ھېس قىلىشىڭىزدىن بۇرۇن

ھاياتنىڭ مەنە ـ ماھىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىڭ، ياخشىلىقىڭىز تۈپەيلى ئەۋلادلار سىزنىڭ ئىزىڭىزدىن ئەگەشسۇن ۋە سىزگە ئىزگۇ دۇئالار قىلسۇن. كەمچىلىكىڭىزدىن كەلگەن ئۆكسۈش سىزنى، ئەۋلادلارنى ھاياتنىڭ نۇرلۇق ساھىللىرىغا باشلىسۇن!»

— ئاڭلىدىڭمۇ، بالام، نەقەدەر كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان گەپلەر ـ ھە؟! راست، بۇ ھاياتتا ھازىرغىچە كىملەرنى كۈلدۈرۈپ، كىملەرنى يىغلىتىپ، كىملەر بىلەن ئارازلىشىپ ئۆتمىدۇق؟ ۋاقتىمىزنى پايدىسىز ئىشلارغا جىق سەرپ قىلىۋەتمىدۇقمۇ؟

— ساڭىلا يازغان ئوخشايدۇ، بۇنى دادا.

— بۇ گەپكە چاقچاق ئارىلاشتۇرما، بالام. ھەممە گەپكە چاقچاق ئارىلاشتۇرۇش ياخشى ئەمەس. ھەر قانداق گەپنى چاقچاققا، ھەزىلگە بۇراۋەرمە. جىددىي قارايدىغان ئىشلارغا جىددىي، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەككۇ ئاخىر. يۇمۇرىستىك بولىمەن دەپ ھەممىلا ئىشقا گەپ توقۇۋەرسەڭ، خەقنىڭ نەپرىتىنى، غەزىپىنى قوزغاپ قويىسەن، ھەتتا لاۋزىلىشىپ قالىسەن.

— بولدى، بولدى. تىللىما دادا. بەكلا سۆرلۈك بولۇپ كەتتىڭ. قان بېسىمىڭ ئۆرلەپ كەتمىسۇن يەنە. مانا بۇ يەردە ساڭا ئاتالغان بىر جۈملە گەپ باركەن. ئەمدى ساڭا ئوقۇپ بېرەي ـ ھە؟!

ئەلى دادىسى قويۇپ قويغان كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئەي چاچ ـ ساقىلى ئاقارغان قېرىلار! سىلەرنى ھەربىر يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن بۇ قېرىلىق ئالامەتلىرىگىلار كۇپايە تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن سىلەرنى تېخىچە بولمىغۇر ئىشلاردا ۋە ئۆزۈڭلارغا ياراشمايدىغان قىلىقلاردا كۆرىمەن؟

ئېچىنىشلار، ئۆزۈڭلارغا ئېچىنىشلار! چۈنكى ھاياتلىقنىڭ تۆتىنچى قەدىمىگە كەلدىڭلار. بۇ قەدەم ھاياتىڭلارنىڭ سەبىيلىك، ياشلىق ۋە يېتىلگەن ۋاقتىدىن كېيىن كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتۇر. ئۆمرىنىڭ بۇ باسقۇچىغا قەدەم قويغان كىشى ھاياتلىق دېڭىزىنىڭ قىرغىقىغا كەلگەن بولىدۇ. بۇ يەر كىشى ئۈچۈن كەينىگە قايتىشى مۇمكىن بولمايدىغان ۋە ھەر قانداق كىشى جەزمەن كېلىدىغان بىر ساھىلدۇر.

قەسەم بېرىمەنكى، بۇ ساھىلدىن كېيىنكى مۇشكۇل سەپەر ئۈچۈن ئەڭ زىيادە قورقۇشى ۋە يول ئوزۇقى ھازىرلىشى لازىم بولغانلار قېرىلاردۇر. ئۇلارغا يېقىن قالغانلارمۇ شۇنداق.»

ــــ يەنە ئاڭلا ھە، دادا، يەنە مۇنداق گەپ بار ئىكەن. «چاچ ـ ساقاللىرىڭ ئاقىرىپتۇ. لېكىن يارىماسلىقلىرىڭنىڭ مەڭزىگە تېخى قورۇق چۈشمەپتۇ. قېرىغان بولساڭمۇ، لېكىن ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىڭنىڭ تونى تېخى كونىرىماپتۇ. نېمە ئۈچۈن مەن سېنى تېخىچە جاھىل ۋە ئىتائەتسىز كۆرىمەن؟ گويا قېرىلىق خەۋەرچىلىرى سېنى زادى توسالمىسا ۋە يېشىڭنىڭ چوڭىيىشىمۇ كۇچۇڭدىن قالدۇرمىسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

قېرىلىق قېرىلارغا نۇرانە سىيما ۋە چىرايلىق مىجەز ئېلىپ كېلىدۇ. سىنىڭ پۈتۈن دارامىتىڭ نۇقسانلىق ۋە غەپلەت بىلەن ئۆتكەن بىر ئۆمۈر. ئەگەر پېشانەڭگە چۈشكەن قېرىلىق خەۋەرچىلىرىنىڭ قانداق ئەلچى ئىكەنلىكىنى، قانداق ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ھايا قىلىپ، نومۇس پەردىسىنىڭ كەينىگە ئۆتكەن بولاتتىڭ. لېكىن سىنىڭ يۈزۈڭ ھايا تېرىسى كۆرمەپتۇ. ‹ھا› ۋە ‹يا› ھەرپلىرىنىمۇ ھەجىلەپ باقماپتۇ. شەررە كېيىكلەردەك نايناقلاپ، زوق ۋە ئويۇن - تاماشىغا ئۇسسۇزلۇقتىن تىللىرى ساڭگىلاپ كەتكەنلەردەك ئېغىز ئاچىسەن. خاتا بىر سۆزنىڭ شەپىسى چىقىپ قالسا، ‹سىم (سىم — چىلبۆرىلەرنىڭ چىشىسى بىلەن بۆرىنىڭ ئارىسىدىن تۇغۇلغان بىر ھايۋان بولۇپ، قۇلاقلىرى پەۋقۇلئاددە ئاڭلايدىكەن، شۇڭا ‹سىمدەك ئاڭلايدۇ› دېگەن سۆز ئەرەبلەر ئارىسىدا تەمسىل تەرىقىسىدە ئېيتىلىدۇ.) دەك قۇلىقى بار›لاردەك، ئۇ سۆزنى گويا ساڭا ئېيتقاندەك، شۇئان ئاڭلىۋالىسەن. لېكىن ھەق سۆز پىلنىڭ نەرە تارتقىنىدەك جاراڭلىسىمۇ، گويا قۇلىقىڭ يوقتەك ئاڭلىمايسەن.»

— چۆچۈۋاتىمىز، بالام. بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمرىمىزگە ئەپسۇسلىرىمىز شۇنداق كۆپ. ئۆزىمىزنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي يۈرۈيتتۇق. قالتىس ئىشلارنى قىلىۋەتتىم، ماڭا تەڭ كېلەلەيدىغان يەنە كىم بار دەپ مەيدە قاقاتتۇق. ئەمەلىيەتتە قىلغانلىرىمىز ھېچ ئىش ئەمەسكەن. ئۇنچىۋالا كاتتا ياشىماپتۇق، مانا ئەمدى

قېرىلىق يەتكەنسېرى ياشلىقتىكى ئاشۇ كۆرەك، تەنتەكلىكىمىزگە ئېچىنىمىز. كۈچىمىزنىڭ باردا يەنىمۇ كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئىز قالدۇرۇۋالمىغىنىمىزغا پۇشايمان قىلىمىز. لېكىن پۇشايمانغا دورا يوق. ئەمدى بولسىمۇ ئۆزىمىزدىن ھېساب ئېلىپ، قالغان ئۆمرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزەلىسەك بولاتتىغۇ ئاخىر.

— خاتىرجەم بول دادا، سەن تېخى ناھايىتى جىق ئىشلارنى قىلدىڭ. نەچچە مىڭ بالا تەربىيىلىدىڭ، ئۇلارنى توغرا يولغا سالدىڭ، ئارىسىدا كاتتا ـ كاتتا ئادەم بولغانلىرى كۆپ. سەن مۇنداق ئەپسۇسلانساڭ ياراشمايدىكەن. كۈنلەپ ـ كۈنلەپ بىكار يۈرگەنلەر دېسە قاملىشار مۇنداق گەپنى.

— ھەركىمنىڭ تارازىسى ئۆزىگە تۇشلۇق، بالام. بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر تەڭ بولامدۇ؟

— بىلدىم دەپلا ئۆزۈڭگە ئارتۇقچە بېسىم قىلىۋالما. بەلكى مەن مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلغان ئادەممەن دەپ مەيدەڭنى تىك تۇتۇپ ياشا. ساڭا يارىشىدىغىنى شۇ. بۇ ئالەمدىن كۆچۈڭنى خارلىساڭمۇ ئۆزۈڭنى خورلۇقتا قويماي، مەيدەڭنى تىك تۇتۇپ ياشاپ كەت دەيتتىڭغۇ بىزگە.

— ئۆزۈمنىڭ ۋىجدان سوتى ئالدىدا مەن قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى ئويلىسام بېشىم ئېگىلىپ كېتىدۇ، بالام. ئۆزۈمگە مۇغەمبەرلىك قىلالمايمەن.

— بولدى قىل، دادا، ئەمدى داۋامىنى ئوقۇيلى. كۈنۈڭدىن ھېساب ئېلىۋاتىسەن. ھاياتىڭ ھەققىدە بىر

نەرسە يېزىۋاتىسەن. ئاشۇ ھېساب ئالغانلىق بولماي، ئۆزۈڭدىن كېيىنكىلەرگە تەجرىبە قالدۇرغانلىق بولماي نېمە؟ ياكى بىرەرسىنى چاقىرىپ ئەكېلىپ قىلغان-قىلمىغان ئىشىڭنى جىڭلاپ ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭ بولامتى؟ يەنە شۇم ئېغىزلىق قىلدىمۇ نېمە؟

ھەيدەر ئەپەندى ئوغلىغا مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى ۋە:

— بۇندىن كېيىن سەنمۇ ھەركۈنلۈك ئىشىڭدىن ھېساب ئېلىپ، بىر كۈنلۈك پىلانىڭنى تۈرغۈزۈپ شۇ بويىچە ئىش قىل - ھە؟!— دەپ قوشۇپ قويدى.

— خوپ، جانابىي ھەزرەت، ئەمدى داۋامىغا كېلەيلۇق، — دېدى ئەلى ۋە بېشىنى «ئەستا» دېگەندەك مۈرىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ دادىسىنى نېمە دەركىن دەپ قاراپ قويدى. لېكىن ھەيدەر ئەپەندى ئوغلىنىڭ بۇ شوخ، جانلىقلىقىغا ئامراقلىقى كەلگەندەك ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلدى ۋە كىتابنى قولىغا ئالدى.

«ئالدىن كۆرەلەيدىغان ۋە ئېھتىياتچان دەپ شۇنداق كىشىنى ئېيتىمەنكى، ئۇ ھەر دائىم تەمكىن بولۇپ، بىرسىنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئورۇنسىز چاقچاق قىلىشنى خالىمايدۇ. مەسخىرىۋازلىق، قىزىقچىلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان كىشىدە تەمكىنلىك قالامدۇ؟ مەسخىرىۋازلىق بىلەن تەمكىنلىك چىقىشالامدۇ؟ تەمكىن ئادەم بىلەن قىزىقچى بىر يەردە بولالامدۇ؟

مەسخىرە بىلەن چاقچاق قىلغاندا، ئاغزىڭدىن شۇنداق

سۆزلەر چىقىدۇكى، ئۇ سىنى گۇناھقا مەھكۇم قىلىدۇ. ئالدىڭدىكى دوستۇڭنىڭ قەلبىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سالىدۇ. ئەگەر ئۇ سىنىڭ قول ئاستىڭدىكىلەردىن بىرى بولسا، ئۇنىڭ نەزىرىدە قەدىر ـ قىممىتىڭ ۋە مۆھەببىتىڭ ئازىيىدۇ. مانا شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ‹لەتىپە› سۆزلىسەڭ، بارىكاللا ساڭا!

ئەي ۋالاقتەگكۇر! ئەگەر چاقچاقتا بولىدىغان قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ئۇنى پۈتۈنلەي تاشلاپ، سىنى بۇنىڭدىن چەكلىمەكچى بولغانلارغا ئىتائەت قىلغان ۋە مەسخىرە سۆزلەرنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالمىغان بولاتتىڭ.

چاقچاق قىلىپ لەتىپە سۆزلىگەندە، ئالدىڭدىكى كىشىنىڭ كۆلۈشىگە قىزىقامسەن؟ بىلگىنكى، ئۇ بۇ كۈلۈشى بىلەن سىنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. قانچىلىك كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغىنىڭنى خەلقىئالەمگە ئىلان قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھال پەقەت ئەقىلسىزلەرگىلا يارىشىدۇ.»

ھەيدەر ئەپەندى شۇ يەرگىچە ئوقۇپ ئوغلىغا قارىدى.

ـــ قارايسەنغۇ؟ــــ دىدى ئەلى ھۇرپىيىپ.

ـــ قارىمىدىم، كۆزۈم تىلىپ توختىدىم. نىمە بولدى، ئۆزۈڭگە ئىلىپ كىتىۋاتامسەن بۇ گەپلەرنى؟

ـــ نىمىشقا ئۆزۈمگە ئالغۇدەكمەن؟ مەن خەقلەرنى مازاق قىلىپ چاقچاق، لەتىپە توقۇمىدىم.

ـــ راستمۇ؟

ـــ راست.

— ئاكلىسام مەكتەپتە مۇئەللىملەرنىڭ قىلىق - ئادىتىنى دوراشتا چېمپىيون ئىكەنسەنغۇ.
— كىم شۇنداق دەيدۇ؟
— كىم شۇنداق قىپتۇ، دە.
— ھە، كىم شۇنداق قىپتۇ؟ ئۇ دېگەن مۇنداقلا قىزىقچىلىق. يەنە كېلىپ ئۇ دېگەن مۇئەللىملەرنىڭ كەمچىلىكى ئەمەس، بەلكى ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن: بىرسى «ھە»نى جىق دەيدۇ، يەنە بىرسى قولىنى يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ توختىماي سىنىپ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدۇ، يەنە بىرسى گەپ قىلىۋېتىپ پات - پات قېشىنى ئېتىپ قويىدۇ. بۇ كەمچىلىك ئەمەستە. مېنىڭ قىلغىنىم ھەرگىز مازاق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش.
— مەيلى شۇنداقمۇ دەيلى. ئۇستازلارنىڭ كەينىدىن ئۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس، بالام. مۇئەللىملەر ئاڭلىسا بىر قىسما بوپقالىدۇ. بارا - بارا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گەپ قىلىش، ھەتتا يۈرۈش - تۇرۇشتىنمۇ قورقۇپ قالىدىغان بوپقالىدۇ. بىز ئوقۇغاندا...
— مۇئەللىملەرگە قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتىڭلار شۇنداقمۇ؟ سەن تولا دەپ كەتكەن بۇ گەپلەرنى. بولدى، داۋامىنى ئوقۇ، دادا. مەن تۇزتەي.
— قارا، ساڭا تېگىدىغان گەپ كەلسىلا بەك يۇمشاپ كېتىسەن ھە؟

— نېمە دېسەڭ دەۋەر. ئىشقىلىپ ئۆزۈمدە بارنى تەن ئالدىم.

— ئېغىزىڭ بەك ئىتتىك شۇنداقمۇ؟

— نېمە؟ ئەمدى بۇنى سوراپ قالدىڭمۇ؟

— ئاڭلا. دەل مۇشۇ ھەقتە بىر گەپ بار ئىكەن، — ھەيدەر ئەپەندى يەنە ئوقۇشقا باشلىدى:

«تىلىنى تۇتمىغان كىشى ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپلەر ئۈچۈن كۆندۈزى نادامەت بىلەن قوللىرىنى ئۇۋۇلايدۇ. كېچىسى غەم - قايغۇدىن ئۇخلىيالماي، ئورنىدا ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ بىئارام بولىدۇ.

تىلى غەمكىن بولغاننىڭ قەلبى غەمكىن بولماس، ھېچكىمگە سىرىڭنى بەرمە، بەلكىم، ھەر جەھەتتىن ئىشەنچلىك ۋە ھەممە ئامانەتنى ساقلاشتا لاياقەتلىك بىر ئادەم بولارسەن.»

ھەيدەر ئەپەندى بۇلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە بىر دەم ۋاراقلىدى ۋە يەنە ئوقۇشقا كىرىشتى:

«تىلنىڭ ياخشىسى ئېغىزنى چىڭ تۇتۇپ ئاز سۆزلەنگىنى. سۆزنىڭ ياخشىسى تۇتاملىق، قائىدىلىك بولغىنىدۇر.

ئۇ ھالدا، گەپ قىلىدىغان بولساڭ، سۆزۈڭ مۇمكىنقەدەر ئاۋازسىز بولسۇن. سۆھبەت ۋە مۇھەببىتىڭنى سالماقلىقىڭ بىلەن بېزە ۋە ئەدەپكە ھۆرمەت قىلىشىڭ بىلەن پەردازلا... پىكىرلىرىڭ مىزراك (ئۇزۇن نەيزە) بوغۇملىرىدەك بېجىرىم

www.uyghurkitap.com

ۋە تۇتاملىق بولسۇن. سۆز تەرتىپىدە ۋە سۆز تاللاشتا ئالدىراپ كەتمە. سۆزدىكى يېنىكلىك نۇقسانلىق ۋە چۈشىنىكسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا شۇنىمۇ ئۇنتۇمىغىنكى، سىلىقلىق شىرنىلىك ھەرقانداق نەرسىنى پەردازلىغىنىدەك، سۆزنىڭمۇ زىننىتىدۇر. گەپ قىلغۇچىنى ئۇنىڭ سالماقلىق ۋە ئېغىر - بېسىقلىقىلا ھۆرمەت ۋە ئالقىشقا سازاۋەر قىلىدۇ.»

— ئالدىراقسانلىق، تولا گەپ ئۆيىنىتىش ياكى ئېغىزى پالۋانلىق قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس، بالام. بىزدە ئېغىزىدا شەھەر ئالىدىغان، ئەمما قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، سۆزلەڭ دېسە ئالتە ئېشەككە يۈك بولغۇدەك گەپ قىلىدىغان، ئەمما ئىشلەڭ دېسە ئىنجىقلايدىغان گەپ خالتىلىرى ئاز ئەمەس. ئەمما بىلگىنكى، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز گەپ بىلەن ئەمەس، ھەقىقىي ئىش - ئەمگەك بىلەن يۈكسىلىدۇ، گۈللىنىدۇ.

ئۆلىمالار ياخشى ئىنساننى ئاز سۆزلەيدۇ، كۆپ ئىشلەيدۇ، دەپ تەرىپلەيدۇ، يەنى گەپ قىلغان نوچى ئەمەس، بەلكى ئىش قىلغان نوچىدۇر. ئاغزىڭدا ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرنى قىلغۇچە، ئاز بولسىمۇ، ئەمەلىي ئىش قىل. يولدىكى پۇتلىشىپ ياتقان بىرنەچچە تەمەچىنى ئېلىۋەتسەڭمۇ مەيلى، ئىش قىل، ئىجتىھات قىلىشنى ئىستە. سەن يەنىلا كىچىك سەن. كىچىكلىك يېنىكلىككە، ئالدىراڭغۇلۇققا يېقىن تۇرىدۇ، شۇڭا ھەرقانداق ئىشنى تېزلا تۈگەتكۈڭ كېلىدۇ.

مەسىلەن: تاپشۇرۇقنى نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئىشلەپ بولغۇلۇق، بىر ئاخشام تىرىشىپلا سىنىپتا ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكۈلۈك، ئاتا ـ ئانالىق بۇيرۇغان ئىشنى بىردەمدىلا تۈگىتىۋەتكۈلۈك كېلىدۇ ھەم تەن ئالغىنىكى مەيلى نېمە ئىش قىلما ئالدىراپ قىلىسەن.

ئەمما، بالام، ئالدىراپ قىلغان ئىش ھامان بەزى نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا ئىشتا سۈرئەت ئەمەس سۈپەت قوغلىشىشنى ئادەت قىل. ھەرقانداق ئىشنى، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن پۇختا قىل، ھەرگىزمۇ ئالدىراپ، قولۇڭنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلما. شۇنداق ئىش قىلغىنىكى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن سەۋەنلىك، قۇسۇر تاپالمايدىغان بولسۇن.

يەنە بىرسى، بالام، ئىنساننىڭ ئېغىزى يېرىم غېرىچمۇ كەلمەيدىغان كىچىككىنە كامار. ئەمما بۇ كامارنى لايىقىدا باشقۇرۇش خالىغان ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بەزىلەر بۇ كامارنىڭ يېيىشىنى باشقۇرالمىسا، يەنە بەزىلەر بۇ كامارنىڭ بولار ـ بولماس گەپلەرنى دېيىشىنى باشقۇرالمايدۇ. ۋەھالەنكى، بايقاپ سۆزلىمەسلىك كىشىلەرنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى يوق قىلىپلا قالماستىن، بەزىدە ھەتتا بېشىنىمۇ خەتەرگە يولۇقتۇرىدۇ.

ئاز، ساز سۆزلە ھەمدە بايقاپ سۆزلە. ئېغىزىڭغا كەلگەننى دەۋەرمە، بەلكى شارائىتقا، كىشىلەرگە بېقىپ سۆزلە. باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلما، باشقىلارنىڭ سىرلىرىنى يايما. ئېغىزىڭدىن سەت، قوپال، ھاياسىز

سۆزلەرنى چىقارما، ئىغىزىڭنى چىڭ ساقلىيالىساڭ، ئابرۇيۇڭدىن غەم يېمىسەڭمۇ بولىدۇ. بىزدە «تىلىڭ بىلەن تىكەن تېرىما» دەيدىغان گەپ بار. يەنى تىلىڭ بىلەن كىشىلەرگە ئازار بەرمە، غەيۋەت قىلما، كىشىلەرنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلما، يالغان سۆزلىمە. كىشىنى ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك قىلىدىغىنىمۇ، غەزەپ ـ نەپرەتكە دۇچار قىلىدىغىنىمۇ ئۇنىڭ تىلى ـ ئىغىزىدۇر. تىلىڭدىن بال تامسۇنكى، زەھەر تۆكۈلمىسۇن.

پەزىلەتلىك، ئەدەپلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولاي دېسەڭ، ھەرگىز غەيۋەت قىلما، كىشىلەرنىڭ كەينىدىن سۆز ـ چۆچەك قىلما ھەمدە باشقىلارنىڭ ھەر قانداق غەيۋىتىگە قېتىلما، بالام. ئەگەر ئاشۇنداق غەيۋەتلەرنى ئاڭلاپ قالساڭ تىللا، جىنىڭنىڭ بارىچە توس، كۈچۈڭ يەتمىسە ئاڭلىما، غەيۋەتخورلارنىڭ سورۇنىدىن كەت. غەيۋەت قىلىش مۇردا غاجىلىغانغا ئوخشاش ئىش، دېيىشىدۇ ئۆلىمالار. دېمەك ئىغىزىمىزنى باشقۇرۇشنى ئۆگەنسەك ئۆزىمىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىزنى قولىمىزدا تۇتالايمىز. سېنىڭ ئىغىزىڭ سەل ئىتتىكرەك، بەزىدە ئويلار ـ ئويلىمايلا بەزى گەپلەرنى قىلىۋېتىسەن. دىققەت قىل، بالام. قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتىغا، سورۇنغا دىققەت قىلىپ سۆزلە. سۆزلىسەڭ ئورۇنلۇقىنى سۆزلە، بولمىسا جىم ئولتۇر.

ھەيدەر ئەپەندى توختاپ ئوغلىغا قارىدى. ئەلى نېمىشقىدۇر شۈكلەپ كەتكەندى.

— جىمىپ كەتتىڭغۇ، بالىجان، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى ئەلىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلمەك بولۇپ.
— ھېچ، ھېچنېمە... ئاڭلاۋاتىمەن.
ئەلى دۇدۇقلىدى. ئەلپازىدىن خىجىل بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ھەيدەر ئەپەندى قولىدىكى كىتابنىڭ ئېچىلغان يېرىدىكى «ئىنسان — ئالدىراقسان، سەۋرسىز، ئەقلى يېنىك ۋە ھەر دائىم زىددىيەتلىك ئىچىدە پالاقلاپ يۈرىدىغان بىر مەخلۇق. مېنىڭچە بۇنداق زىددىيەتلىك بىلەن ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرمىسە، ئاچ قالىدۇ ۋە بۇنداق ئالدىرىغانچە ئەجىلىنى كېچىكتۈرىدۇ. ئالدىراش ۋە زىددىيەتلىك ئىچىدە دەۋران ۋە جەۋلان قىلىش بىلەن تېخىمۇ ياخشى ھاياتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا، چېچىلاڭغۇ ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالالايدىغانلىقىغا، پەرىشان ھالىنى ئىزىغا چۈشۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭغا ھەر قانچە: ‹توختا، ئېغىر بول!› دېيىلسىمۇ، ئۆز ھەلەكچىلىكى ۋە سەۋرسىزلىكى يولىدا تاغۇتاش، دەريا - داۋان دېمەي تەرسالىق ۋە جاھىللىق بىلەن پالاقلاۋېرىدۇ. بۇ ئەقىل يېنىكلىكى ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم بالىسىنىڭ ئانىدىن تۇغما بىر خۇيى بولۇپ، كىشى ئۇنىڭدىن زادى قۇتۇلالمايدۇ. خۇيلارنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئىي ۋە تۇغما بولىدۇ. تەمكىنلىك بىلەن يېنىكلىكمۇ مانا مۇشۇ خۇيلاردىندۇر» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇي دېدىيۇ، ئوغلىغا ئېغىر كېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئوقۇمىدى. ئۇ گەپنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن

بىر نەرسە دەپ بولغۇچە ئىشىك ئېچىلىپ ئاپالى كىرىپ كەلدى ۋە تاماق پىشقانلىقىنى ئېيتتى.

— چىقايلى، بالام، ئەمدى تاماق يەيلى. تاماقتىن كېيىن بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز جىق تېخى.

ھەر ئىككىيلەن ئورنىدىن تۇرۇشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# مال ـ دۇنيانى تەلقىنلەپ

ھەيدەر ئەپەندى تاماقتىن كېيىن بىردەم سىرتنى ئايلىنىپ، ھاۋالىنىپ كىردى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزۈندىن بېرى يېتىلدۈرۈپ كەلگەن ئادىتى. تاماق يەيدۇ ۋە ئالدىرىماي مېڭىپ ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلىدۇ. كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى ئارامبەخش، سالقىن، نەمخۇش ھاۋا ئۇنىڭغا بولەكچىلا خۇشياقىدۇ. تونۇش ـ بىلىشلەر بىلەن پاراڭلىشىدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ. يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق ھەرىكەتتىن كېيىن ئۇنىڭ مېڭىسى بولەكچە سەگەكلىشىپ كېتىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئۇ كۇتۇپخانىسىغا قايتىدۇ ـ دە، ئۆز پىلانى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ھەيدەر ئەپەندى سىرتتىن قايتىپ كىرگەندە ئەلىمۇ تاپشۇرۇقىنى ئىشلەپ تۈگىتەي دېگەنىدى. ئۇ دادىسىغا كۈلۈپ قويۇپ:

— خاتىرجەم بول، بوۋاي. مەن گەپ ئېغىر كېلىدىكەن دەپ يېرىم يولدا يالتىيىۋالىدىغان بېلى بوشلاردىن ئەمەسمەن. تاپشۇرۇقۇم تۈگىسىلا كىرىمەن. كىرىپ «نەشتەردەك» گەپلىرىڭنى تەييارلاپ، كىتابلارنى ئاختۇرۇپ

تېپىپ تۇر، ــــ دېدى.

ھەيدەر ئەپەندى كۆلۈپ كەتتى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ كۇتۇپخانىسىغا ماڭدى. دېگەندەك يېرىم سائەت ئۆتمەيلا ئەلى يەڭ شىمايلاپ كىرىپ كەلدى.

ــــ باشلا ئاقساقال، كەچلىك تەلقىن نە خۇسۇستا بولماقچى؟

ــــ مال ـ دۇنيا، ئاچ كۆزلۈك، نەپس باياندا زەمەھشەرى ھەزرەتنىڭ بايانلىرىغا قۇلاق سالىمىز.

ــــ قۇلاقنى ئۇنىڭغا سالىمىز، ئەمما قولۋاقنى ھەيدەربايىنىڭ كۆلىگە ھەيدەيمىز.

ھەيدەر ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ چەكچەيدى:

ــــ بۇ نېمە دېگىنىڭ تەنتەك؟

ــــ شۇ ئەمەسمۇ؟ دەسلىپىدە زەمەھشەرى ھەزرەتنىڭ سۆزىنى ئوقۇيسىز، ئاندىن ‹بالام› دەپلا ئۆزىڭىزنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىنى قىلىپ ئۇنى تەپسىرلەشكە باشلايسىز.

ــــ يامان قىلدىممۇ؟ سېنى ئوبدانراق چۈشەنسۇن دەپ كۆچەپ كېتىۋاتقاندىمەن شۇ!

ــــ مەنمۇ يامان دېمىدىمغۇ، دادا، شۇ...

ــــ تەنتەكلىكىڭنى تاشلا! بايقاپ سۆزلەشنى ئۆگەن. پايدىسى بولمىسا ئوقۇمايمەن بۇنى.

ــــ ھە، ماقۇل، ــــ ئەلى ئېغىزىنى شاپىدە ئالىقاناپ شاپىلاقلىدى، ــــ يىغدىم مانا. باشلاڭ ئەمىسە. پوپوزا قىلىش كەتمەيدىغۇ بۇنىڭغا. خۇددى ئۆزىدىن باشقا

ئادەمنىڭ ساۋاتى يوقتەك قىلىپ كېتىدىكەن تېخى!
— ھە؟!
ھەيدەر ئەپەندى تېخىمۇ چەكچەيدى.
— بولدى، بولدى. باشلاڭ. مەن گەپ قىلماي.
— شەپشەك بوپكېتىپسەنغۇ، بالا. ساڭا زادى ياخشىراق تەنبىھ لازىم. دىققەت بىلەن ئاڭلا، باشلىدىم ئەمىسە.
ھەيدەر ئەپەندى سالماق، تەمكىن ئاۋاز بىلەن ھېسسىياتلىق ئوقۇشقا باشلىدى:
«ئەي ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا ئالىقان ئېچىپ ھال ئېيتقان تىلەمچى، ئەي بەتقىلىق ئالدامچى، بەس ئەمدى! نېمىدېگەن بولمىغۇر تاپاۋەت كويىدا سەن.
دۇنيادا ھاجىتىنى كىشىلەردىن تىلەشتەك قەدىر ـ قىممەت ۋە ئىناۋەتنى چۇشۇرىدىغان نەرسە يوق.
بىر چىشلەم نانغا قانائەتكار خاراكتېرلىك بولسۇن.
باشقىلارنىڭ پۇل ـ مېلىغا بولغان تەمەخورلۇق ۋە ئاچ كۆزلۈكۈڭنى ئازايتقىنىكى، خەير ـ ئېھسان ھەممىشە سەن بىلەن بولسۇن.»
— زەمەھشەرى ھەزرەت يەنە مۇنداق دەپتۇ، بالام. «يۈزسىزلىك باي بولۇشنىڭ شەرتلىرىدىندۇر. بۇ يۈزسىزلىك ئۆز خوجايىنىغا قانچىلىغان مال ـ مۈلۈك، پۇل تېپىپ بېرىپ، ئارزۇلىرىنىڭ ئالدىدىكى قۇلۇپلانغان ئىشىكلەرنى ئاچىدۇ ۋە ئەڭ ئېسىل مېۋىلەرگە قول ئۇزاتقۇزىدۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن گەپ قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنىڭ ئالدىدىمۇ ئېغىز ئېچىش جۈرئىتىنى بېرىدۇ.

لېكىن چىرايىدا ھايا بولغان كىشى دىلىدىكى ھايا تۈگۈنىنى يېشىۋېتىپ، ھالىنىمۇ ئۇقتۇرالماي، ھەمىشە بىچارە ھالدا گاڭگىراپ يۈرىدۇ. جاھاندارچىلىق ۋە تاپاۋەت يوللىرىنى ياخشى بىلمىگەنلىكىدىن غەم - غۇسسە پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. باشقىلار دۇنيا نېمەتلىرىگە چۆكۈپ، كەيپ - ساپا سۈرۈۋاتقاندا، بۇ بىچارە يوقسۇللۇق ئىچىدە كۆيۈپ پىشىدۇ.

بىراق دۇنيادا نە ئۇنداق باياشاتلىق ۋە تىجارەت، نە ئۇنداق ئەسەبىيلىك ۋە ھاياسىزلىق بولسۇنمۇ! ھاياتىم ھەققىدە قەسەم قىلىمەنكى، يۈزسىزلىك تاپاۋىتىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. تەڭرى نامىدا قەسەمكى، پېشانەڭنىڭ تەرلىشى كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقتىن چىرايلىق، سېنىڭ بىر يۇتۇم سۇغا ئىگە بولماي تۇرۇپمۇ ئىپپەت ۋە نومۇسۇڭنى ساقلىشىڭ دەريالارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، يۈزۈڭدە بىر تامچە سۇ كۆرۈنمەسلىكتىن ياخشىراق.»

— زەمەھشەرى ھەزرەت يەنە مۇنداق دەپتۇ: «ئەي پۇلنىڭ قۇلى بولغان ئىنسان. پۇلنىڭ قۇلى بولۇشتىن قاچان قۇتۇلىسەن؟ ئەي ئاچ كۆزلۈك ۋە تەمەنىڭ ئەسىرى! بۇ ئاسارەت بويۇنتۇرۇقىنى قاچان پاچاقلايسەن؟

ھەيھات! بۇ كېتىشىڭ بىلەن نە پۇلغا قۇل بولۇشتىن قۇتۇلالمايسەن، نە ئاچ كۆزلۈك ۋە تەمە بويۇنتۇرۇقىنى پاچاقلىيالمايسەن. پەقەت شۇنداقلا قىلالايسەنكى، پۇل -

دۇنياغا ئەسىر بولۇپ ئاجىزلاتقان روھىڭنى ياخشىلىق ۋە ئىزدىنىش بىلەن قۇتۇلدۇرالايسەن ۋە قۇتقۇزۇشۇڭ كېرەك.
ئەي بىر پارچە نان بىلەن قارنى تويىدىغان بايقۇش! بۇ تويماس ۋە ئاچ كۆزلۈكۈڭ نېمىسى؟ ئەي بىر كاسە سۇغا قانىدىغان بىچارە! نېمانچە ئالدىرايسەن؟ ئەتە بىھۇدە ئۆتكەن ۋاقىتلىرىڭغا ئېچىنىسەن ۋە ھەممىنى چۈشىنىسەن. ئۆمۈر بويى قىلغان ـ ئەتكىنىڭدىن توغرا ئەمەللىرىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىشىڭ پايدا بەرمىگەنلىكىنى، قىممىتى يوقلۇقىنى ياخشى كۆرىسەن. ئۆلۈم پەرىشتىسى ئالدىڭغا كەلگەندە، نە بايلىقىڭنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، نە بالا ـ چاقاڭنىڭ... سەن ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان بۇ پانىي دۇنيانىڭ ھاياتلىق كۈۋرۈكىدىن ئۆتكىنىڭدە، ساڭا مال ـ دۇنيالىرىڭغا ئائىت ھېچ نەرسەڭنىڭ پايدىسى تەگمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ چاغدا ئۆتمەس پۇل بولىدىغان بۇ يوقنى قانداق قىلىسەن؟ ئۆتكۈنچى كۆلەڭگە بولغان بۇ دۇنيادا مېھمان بولغان ئىنسان ئوغلى پانىي دۇنيا گۈزەللىكلىرىنى ۋە ئۇ دۇنيالىقنى نېمە ئۈچۈن ئارزۇ قىلمىسۇن؟!»
— بۇ ناھايىتى ئېسىل گەپ بوپتۇ، بالام. بىزدە كۈچۈڭنى ساتساڭ ساتقىنىڭنى، ئۆزۈڭنى ساتمىغىن دەيدىغان گەپ بار. يەنى ھەرقانچە قىينالساڭمۇ كۈچۈڭ، پۇت ـ قولۇڭنى ئىشلىتىپ، كارغا سېلىپ، ئەجىر قىلىپ يە، ئال. ھەرگىزمۇ نومۇسسىزلىق بىلەن خەقنىڭ رىزقىغا چاڭ سالما، ھارامدىن خەقنىڭ ھەققىگە ئىگە بولۇۋالىدىغان

ئىشنى قىلما.

— توختا دادا، زەمەھشەرى ھەزرەتنىڭ قانائەتچان بولۇش ھەققىدىكى پىكرى ناھايىتى توغرا. لېكىن بۇ ۋاقىت، شارائىتتا قاراپ ئوخشىماسمىكىن؟

— قانداق دەيسەن؟

— مەسىلەن: قانائەتنىڭ دەرىجىسى، ئۆلچىمى يوق بىر نەرسە. سەن بەزىدە بىر بۇردا نانغا قانائەت قىلىشىڭ مۇمكىن، لېكىن بەزىدە بىر تاغارغىمۇ قانائەت قىلماسلىقىڭ توغرا كېلەمدىكىن دەيمەن.

— ئېنىقراق سۆزلە بالام.

ھەيدەر ئەپەندى ئوغلىنىڭ سۆزىدىن نىمىلەرنىدۇ چۈشەنگەندەك بولدى ۋە ئۇنىڭ پىكرىنى تېخىمۇ ئېنىق ئېيتىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە ئۇنى گەپكە سالماقچى بولدى.

— مەسىلەن: ئەگەردە سەن بىرلا يالغۇز ئۆزۈڭنىڭ گېلىنى ئويلىساڭ ئۇ چاغدا ساڭا بىر بۇردا نان بولسىلا كۇپايە. ئارتۇقچە مال ـ دۇنيا، بايلىق تەشۋىشىنىڭ كېرىكى يوق. ئەمما سەن تېخىمۇ چوڭ ئويلىساڭچۇ؟ مەسىلەن: بىر ئائىلىنىڭ باياشاتلىقى، تېخىمۇ سۈپەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشى، ھەتتا بىر پۈتۈن مىللەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى دېگەندەك. ئۇ چاغدا ئەگەردە سەندە بىر بۇردا نان بولسىلا كۇپايە دەيدىغان ئىدىيە بولىقالسا، ئۇنداقتا تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش

مۇمكىن ئەمەستە.

— توغرا دەيسەن. هوي، — ھەيدەر ئەپەندى ئوغلىنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاخىر سەپسېلىپ قويدى، — قارىسام سەنمۇ خېلى بىر نەرسىلەرنى ئويلايدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ، پىستەك.

— سىز مېنى ھەييار گەپ قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالغانما؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس. لېكىن مۇنچىۋالا چوڭقۇر ئويلىيالار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار جۇمۇ، غوجام!

— بۇ تەرىپىنى ھەقىقەتەنمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىكەن. بىزدە بايلارنى تىللاش هازىرغىچە مەۋجۇت. گەرچە بۇ يېقىنقى 50 نەچچە يىل مابەينىدە شەكىللىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتتى. هالا بۇگۈنمۇ بايلارنى تىللاش بىر مودا، پۇلغا زارمىزۇ لېكىن پۇل تېپىشقا بەكرەك بېرىلىپ كەتكەنلەرنى تىللاپ قويىمىز، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىدىن گۇمانلىنىمىز. لېكىن قانائەتچانلىقنى، شۈكۈرنى، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى تەكىتلەش ئۇچۇنلا بايلارنى، پۇلنى، ئىقتىسادنى، مال ـ دۇنيا توپلاشنى سەت كۆرسىتىشنىڭ ئورنى بارمۇ؟ بىر ئادەم، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قەدىر ـ قىممىتىدە پۇل ـ ئىقتىساد ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. توغرا، ئۇ هاياتنىڭ مەقسىتى ئەمەس، هاياتنىڭ مەنىسى ئەمەس.

لېكىن ھاياتلىقتىكى كەم بولسا ئەسلا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم ۋاستە. بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز، دىنىي مۆتىۋەرلىرىمىز ھېلىھەم باشقىلار بەرگەن ئاش ـ ناننى يەپ تۇرۇپ، غورىگىل تۇرمۇشتا چىشىنى چىشلەپ ياشاپ تۇرۇپ يەنە پۇلنى تىللايدۇ، پۇلنى سۆكىدۇ، ئۇنى ئەڭ يامان سۇپەتلەر بىلەن سەتلەشتۈرىدۇ. ئەمما ئىزچىل پۇل غېمىدىن، ئىقتىسادىي بېسىمدىن ۋايىم يەپ ھەممىسىنىڭلا چىرايى زەپىراندەك، دىدارىدا قان يوق. يۈرىكىدە ئەندىشىلەر بار. پۇلنى رەزگىلەشتۈرۈپ سۇپەتلەشنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى، پايدىسى بار؟

پۇلنى يامان قىلىپ كۆرسىتىش دەل پۇل ـ مال، دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىپ، ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي روھ، غايە، مېھىر ـ ئىنساب، دىيانەتلەرنى تەرك ئەتكەن ئىنسانلارنىڭ نەپسىنى چەكلەش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ بىر نورمال ئەقىدە قاراش. ھەقىقەتەنمۇ پۇل، مال ـ دۇنياغىلا بېرىلىش كىشىنى پەس، رەزگىلەشتۈرۈۋېتىدۇ ۋە ئىنساننى پۇل ئۈچۈنلا ھەر قانداق رەزىللىك، ئىپلاسلىقلاردىنمۇ تەپتارتىپ قالمايدىغان دەرىجىدە ئىنساپسىز، رەھىمسىز قىلىۋېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن نوقۇل پۇلغا چوقۇنۇشنى، پۇلنى بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچى نىجاتكار تەرىقىسىدە كۆرۈۋېلىشنى تەنقىدلەش، سۆكۈش، چەكلەش كېرەك. لېكىن كىشىلەرنىڭ پۇل ئالدىدىكى ئاجىزلىقى ۋە ئىنساپسىز رەزىللىكى، ئاچ

www.uyghurkitap.com

كۆزلۈكىنى پۇلنىڭ ئۆزىگە ئارتىپ قويۇش ئەقىلگە سىغمايدىغان بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پۇل ئۆزى بىر پارچە قەغەز. ئۇنىڭدا نىيەت، ھېسسىيات، كۆڭۈل، ياخشى - يامان تۇيغۇسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما پۇلغا چۇشكەن كۆڭۈلدە نىيەت، غەرەز، ئوي - خىيال بولىدۇ. پۇل رەزىل ئەمەس، پۇل ئەزىز ئەمەس، پۇل رەھىمسىز، رەزگى، ياۋۇز نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا مېھىرلىك، رەھىمدىل، شەپقەتلىك قۇتقازغۇچ كۈچ تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى پۇلغا يۈزلەنگەن ئادەم ئۆز ئەقلى ۋە ھېسسىياتى، ئىنساپى ۋە نەپس - خاھىشىنى قانداق تەڭشەپ - تىزگىنلەش جەريانىدا ئاندىن رەھىمدىل ياكى رەھىمسىز، پەس ياكى ئەزىز، شەپقەتسىز ياكى ساخاۋەتلىك مېھرىبان غەمخانىگە ئايلىنىدۇ. دېمەككى، پۇلنىڭ ئۆزى بىر ئەينەك. كىشىلەر پۇلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۆز زەردارلىرى ۋە غەنىيلىرىنىڭ يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى پۇل - مالنىڭ ئاتى - زاتىغا ئارتىپ ئۇنى تىللاش، قارغاش يېتەرلىك تەنتەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، كىشىلەردىكى پەزىلەتسىزلىكنى پۇل - مالغا يۆتكەپ ئۇنى يىرگىنچلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ گادايلىقتا يېلىنىڭ، يالىڭاچ، سارغىيىپ ئۆتۈش كىشىلىرىمىزدىكى ئىنتايىن سادda، كۇلكىلىك ۋە تراگېكومېدىك ئىقتىساد ئېڭىدىن بېشارەت بېرىدۇ. مەن گاھىدا بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى بايلىرىمىز شۇنچىۋالا

رەھىمسىز، ئىنساپ ـ دىيانىتى سۇس ئادەملەر بولغىنىمىزنى دەپ قالىمەن. چۈنكى بايلارنى، بايلىقنى تىللاش ئەزەلدىن يېتەرلىك پۇل ـ مالغا ئېرىشەلمىگەن ئاۋامنىڭ ئىشى. بايلار ئەزەلدىن پۇل ـ مالنى تىللاپ باققان ئەمەس، ئاغرىنغان دېگەندىمۇ پۇل ـ مالنى دەپلا ئىلىمدىن، زۆرۈر بولغان ئىش ـ ئەمەلدىن، مېھىر ـ مۇھەببەتتىن، ئىنسانلار ئارا بولغان كىشىلىك ئالاقىدىن مەھرۇم قالغىنىدىن ئەپسۇس يېگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇنى پۇل ـ مالنىڭ زەھەرخەندىلىكى دېمەيمىز، بەلكىم پۇل كەينىدىن شاپاشلاپ چاپقان ئىنسانىنىڭ ئۆز ئەقلى، نەپسىنى، غايىسىنى جايىدا كونترول قىلالمىغانلىقى، ئاجىزلىقى دەيمىز. ئۆز ئاجىزلىقىمىزنى جانسىز، ھېسسىز نەرسىلەرگە يۈكلەپلا قۇتۇلىمەن دېمەيلى.

ئاجىزلىقىمىزغا ياتىدىغان ئىشلاردا باھانە ئىزدەش، ئۆزىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى باشقا ئىشلارغا يۈكلەپ قويۇپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇش بىزدىكى ئومۇمىي پسىخىك ئاجىزلىق. لېكىن بۇنىڭ زادى نېمىگە پايدىسى بار؟ پۇلنى يامانلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىنى سېتىپ كىشىلەرگە يامان كۆرسىتىپ بىز زادى نېمىگە ئېرىشتۇق؟ تۇرمۇشىمىز نە ھالدا؟ قورقماي بازارغا چىقىپ ئازادە ھالدا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالالامدۇق؟ ئىككىلەنمەي رايون، دۆلەت ئاتلاپ ساياھەت قىلىپ كېلەلەيدىغانلاردىن ئارىمىزدىن قانچىلىك چىقىشى مۇمكىن؟ پۇل يوق ئوقۇيالمايۋاتقان باللىرىمىزدىن

قانچىلىكى باردۇ؟ قانچىلىك ئۇلۇغ پىلان ـ غايە، مەقسەتلەر پۇل، ئىقتىساد سەۋەبلىك سىستېمىلىق تۈگەۋاتقاندۇ؟ جەمئىيىتىمىزدە ئىقتىساد سەۋەبلىك قانچىلىك ئەقلىي قۇۋۋەت، زېھنىي كۈچى، ئادەم بايلىقى، تەتقىقات يوشۇرۇن كۈچى، ئىختىساسلىق زەكىيلەرنىڭ خوراپ تۈگەۋاتقانلىقى، ھارام بولۇۋاتقانلىقىنى ستاتىستىكىلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. مەن مەلۇم بىر ئاقىلنىڭ «قولىدا پۇل بولىدىغان بولسا بىزنىڭ خەقتەك ئاقىل، چېۋەر، دانا ئادەم يوق» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. ئىجادىي ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر زېرەك ياش پۇلى يوق ئوقۇيالماي تىرىكچىلىك غېمىدە يول بويىدا مايلامچىلىق قىلسا، ناۋايخانىدا كۆل تارتىپ زۇۋۇلا تۇتۇپ ئولتۇرسا، مېۋە ـ چېۋە، شاپاق ـ شۆپۈك ساتسا، كاۋاپچىلىق قىلسا، ئاشخانىدا قاچا يۇيۇپ يۈندى تۆكسە ياكى توپا توزۇتۇپ كەتمەن چاپسا ئەجەبا بۇ ئېچىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرى پۇل ـ مالنى زەھەر، ئازدۇرغۇچ ياۋۇز ئىبلىس دەپ قورسىقى تويسىلا تىللاپ، ئۇخلاپ ئۆتۈۋېرىپ، يېتەرلىك ماددىي يۆلەك ئۇچۇن تىرىشىپ ـ تىرماشمىسا ۋە جەمئىيەتنىڭ سەھىيە، مائارىپ، قاتناش، پاراۋانلىق سىستېمىلىرى ياخشىلانمىسا، سودا، سانائەت، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش ۋە يۈكسىلىشلەر بولمىسا بۇ ئەل قانداق راۋاجلىنىدۇ؟ ئۇنىڭ مەدەنىيىتى قانداق مەنگۈ ۋە يۈكسىلىش كۈچىگە

www.uyghurkitap.com

ئېرىشىدۇ؟

ئىنساپنى، پەزىلەتمىزنى ئۇنتۇمىغان ھالدا پۇل تاپساق تامامەن بولىدۇ. ئىلىمنى، مەنىۋى پاكىزلىق، ئەخلاقىي يۈكسىلىش، روھىي پاكلىنىشنى كۆچەپ تەرغىب قىلغۇچىلار دۇنيانىڭ غەم - ئەندىشە ۋە پۇل - مالغا تەئەللۇق خىياللىرىدىن خالىي بولغان پاكىز قەلبىنى ئەڭ ئىزگۈ سۆيەتلەر بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. مەنمۇ شۇلارغا ھەمدەم باش قوشىمەن، بالام. چۈنكى مەنىۋى بالاغەت ماددىي كاپالەتتىن بىر قەدەممۇ ئايرىلالمايدۇ. ئىنساننىڭ جىسمىمۇ تەن ۋە روھتىن تۈزۈلگەن. تەندىن خالىي روھ، روھتىن خالىي تەن ھەرىكەتتىكى تىرىك ئىنساننى ھاسىل قىلالمايدۇ. تەن بىلەن روھنىڭ مۇۋاپىق تەكشۈرلۈق ئاستىدىكى بىرلىكىشى ئاندىن ساغلام ئىنساننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

تەن زەئىپ، يېرىم، پالەچ بولسا روھنىڭ بۈيۈك سەپىرىمۇ ئەمەلگە ئاشالماس. روھ كەمتۈك، ئەقىل يېرىم، بىنورمال بولسا تەن كونتروللۇقتا، ساغلام قوماندانلىقتا ئېرىشەلمەي كالامپايلارچە، ھاماقەتلەرچە، بىمەنىلەرچە ھەرىكەت ئىشلەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر ئادەمدىكى مەنىۋى پەزىلەت بىلەن ماددىي مەئىشەت جەزمەن تەكشۈرلۈق ئاساسىدا بىرلىكىشى كېرەك. ئىنساندا بايلىقلا بولۇپ ئەقىل - ئىنساپ بولمىسا، ئۇ ياۋۋز ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەقىل، ئىنساپ، غايە - خىياللار بولۇپ بايلىق

بولمىسا، ھەتتا ماددىي كاپالەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىش ھەققىدىكى خىيالمۇ بولمىسا، ئۇنىڭ ھاياتى خارلىقتىن، مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلالمايدۇ، مەنىۋى ساپامۇ بولمىسا تايىنىدىغان ماددىي ھاسىمۇ بولمىسا، ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىدىغان جان پىدالىقمۇ بولمىسا، بۇنداق كىشىنىڭ تۇرمۇشىنى لالما ئىتنىڭ تۇرمۇشى دېمەي ئامال يوق. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىق «ئېلىپبە» دەرسلىكىدىكى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ «ھورۇن» ناملىق لەتىپىسى ئېسىڭىزدە بارمۇ، بالام؟ «تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام شۈكۈر قىلىپ يۈرۈۋېرىمەن.» ھورۇننىڭ بۇ جاۋابىغا قارىتا ئەپەندىم ئەپسۇس، كىنايە، ئاچچىق، تەنە ئارىلاش مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئۇنداقتا سىز شەھىرىمىزنىڭ ئىتلىرىغا ئوخشاپ قاپسىز ـ دە!» بىزدىكى قانچىلىك ئادەم ئاشۇ ھورۇننىڭ تۇرمۇشىدا «تاپسا يەپ، تاپالمىسا شۈكۈر دەپ» ناچار شارائىتىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ كۈچىمەي، سۆرىلىپ ياشاۋاتىدۇ ـ ھە؟ ئەجەبا مۇشۇ خىل ھالغا چۈشۈپ قېلىشتا بىزدىكى پۇلغا بولغان سوغۇق نەزەرنىڭ مۇئەييەن تەسىرى بارمۇ، يوق؟ كىشىلەر پۇلغا، ئىقتىسادقا تايىنىپ كاتتا ـ كاتتا ئىشلارنى قىلىپ دۇنيانى تەۋرىتىۋاتسا، بىز يەنە شۇ كونا مۇقامدا پۇل ـ مال، دۇنيانى تىللاپ ئېشەك ھارۋىسىدا دۇنيانىڭ بەگ خىياللىرىنى قىلىپ ياشاۋېرىمىزمۇ؟

مەنىۋىيەت ئىنتايىن سۈزۈك دۇنيا، لېكىن ئاشۇ سۈزۈك

دۇنياغا خاتىرجەم ئېرىشىش ئۈچۈن سەندە توق قورساق، راھەت ئۈستىۋاش، خاتىرجەم تۇرمۇش بولۇشى كېرەك. قورسىقىڭ ئاچ، ئېتىڭ يالىڭاچ، كىر - توپا، ئائىلەڭ، خوتۇن - بالىلىرىڭ سېرىقتال تۇرمۇش ئىلكىدە غېرىبسىنىپ ياشاۋاتسا سەن خاتىرجەم، روھىڭ پاك يۈرەلەمسەن؟ بۈگۈنكى دۇنيادا يانچۇقى قۇرۇق، يېنى بوش ھەر قانداق ئادەم ئۆز ئىززەت - نەپسىنىمۇ، قەدىر - قىممىتىنىمۇ راۋرۇس ساقلىيالماس بولۇپ قالدى (ئەمەلىيەتتىمۇ ئىززەت - نەپسىڭ، قەدىر - قىممىتىڭ ناھايىتى زور ھالدا ئىقتىساد ۋە پەزىلەت - ساپايىڭ بىلەن باغلىنىشلىق.) بىر ئائىلە، بىر قوۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىقتىسادتىن ئايرىلغان ھالدا ھەرگىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە راۋاجلىنالمايدۇ.

بۇرادەر، پۇل تېپىشتا ئىقتىساد قارىشىڭىز جەزمەن ئېنىق، كۈچلۈك بولسۇن. ئابدۇقادىر داموللام «مۇفتائۇل ئەدەب» ناملىق كىتابىدا: «بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا - قايتا تېتىپ كۆردۈم. لېكىن، مەن تېتىغان نەرسىلەر ئىچىدە گادايلىقتىنمۇ تەمى ئاچچىق نەرسە يوق ئىكەن» دېگەن بىر ھېكمەتنى نەقىل كەلتۈرگەن. بىز بۇنى مەنىۋى گادايلىق ياكى ماددىي گادايلىق دەپ چۈشەنسەكمۇ ياكى ھەر ئىككىسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشەنسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى گادايلىق ھەر ئىككىسىدىن تۈزۈلىدۇ. بىر بەختلىك ئائىلە ئۈچۈن بىر موچەن، بىر سېنتمۇ ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. مەن ئىلىم - مەرىپەت، مەنىۋى

كامالەت، ئادەمىيلىك تۈيغۇلىرى پۇل ـ مال، ئىقتىساد ـ بايلىق بىلەن چىقىشالمايدۇ دېسە ئىللا ـ بىللا ئىشەنمەيمەن. جاھاندا مەنىۋى كامالەت ماددىي كاپالەتتىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىپ باققان ئەمەس. بىر ساغلام ئاڭ ـ ئەقىل ھەرگىزمۇ ماددىي مەنىشەتنى چەتكە قاقمايدۇ ۋە شۇنداقلا مۇستەھكەم ئىلىم ئەقىدىسىگە ئىگە ئىنسان ئىقتىساد بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلىم، پەزىلىتىنى بۇلغىمايدۇ بەلكى بايلىق بىلەن ئۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئەڭ بۈيۈك سوۋغات سۈپىتىدە تارتۇقلاپ بېرىلگەن ئەقىل، ئىقتىدارىنى، پايدىلىق يوسۇندا مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلاپ بېرىلگەن بايلىق، ئىمكانىيەتلىرنى جارى قىلدۇرۇپ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلىماستىن ھەتتا زەئىپ، پەس، خار، ئاجىز ئورۇندا تۇرۇشى مېنىڭچە كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان جىنايى قىلمىشتۇر. توغرا، نۇرغۇن كىشىلەر پۇل تېپىپلا، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. مال ـ دۇنياغا يەتتى، ۋىجداندىن كەتتى. ئەمما بىر ئىنساننىڭ بۇزۇلۇشىدا ياكى تۈزىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى ئۇنىڭ ھاياتلىق دەسمايىسى بولغان ئىلىم، پەزىلىتىمۇ ياكى تاپقان ـ تەرگىنىمۇ؟ ساغلام ئاڭدىن كەتكەن زەئىپ بەندىلەر پۇل تاپسىمۇ ـ تاپالمىسىمۇ بۇزۇلۇۋېرىدۇ. ئەقلىي ھېكمەتنىڭ پاكىز، ئارامبەخش نۇرىغا چۆمگەنلەر دۇنيا قىسمەتلىرىنىڭ بېشىدا قانداق چۆرگىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئەقىل ـ پەزىلىتى

ئالدىدا مەڭگۈ بەرقارار تۇرۇۋېرىدۇ ۋە ئىنسانغا تۈپ
نېگىزىدىن تالىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ خارلىق
ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئىنسانغا ئەڭ مۇقەددەس سوۋغات
قىلىپ بېرىلگەن ئەقلى، جىسمىنى ئىشقا سېلىپ ئۆز
ئەھۋالىنى ياخشىلاش ھەققىدە تىنىمسىز ئىزدىنىش
كېرەكلىكىنى چىن قەلبى بىلەن تونۇپ يېتىدۇ. پەزىلەت
ئىگىلىرى ئەزەلدىن خار تۇرمۇشقا رازى بولغان ئەمەس ۋە
توقچىلىقتىن كېرىلگەنمۇ ئەمەس. ئۆز ئەقلى ۋە دۇنياسىنى
ئەڭ ئەزگۈ ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم پۇل -
مالغا سەجدە قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن
قاراپمۇ يۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇنى ئۆز ئەقلى، كۈچى، ھالال
تىرىشچانلىقى بىلەن تاپىدۇ، پۇل بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى
ياخشىلايدۇ، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ھەققى -
ھوقۇقىنى قوغدايدۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىش
قىلىدۇ. ھاياتلىق ئەقىدىسى تازا بولمىغان ئادەملەرلا پۇل -
مالنى دەپ ۋىجداندىن كېتىدۇ، پۇل ئۈچۈنلا ئەڭ رەسۋا -
نومۇسسىز ئىشلارنىمۇ قىلىۋېرىدۇ ياكى پۇل تېپىپلا
چاكىنىلىشىپ كېتىدۇ. بىز ئىنساننىڭ قولىدىكى پۇلدىن
ئەمەس، پۇل ئالدىدىكى ئىنساننىڭ ھەرىكەت ھالىتىدىن
ئۇنىڭ ساپاسىغا باھا بېرەلەيمىز. يامانلىقتا ھەرگىزمۇ پۇل
سەۋەبچى ئەمەس، بەلكى ئادەم سەۋەبچى. ھەر - ھەر ئېسىل
بايلىرىمىز ئۆتكەن بىزنىڭ. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى،
پۇل، ئىقتىساد، بايلىق ھېسسىز، جانسىز نەرسە. پۇلدا

نىيەت، كۆڭۈل، قەلب، ياخشى ـ يامان تۇيغۇسى دەيدىغان نەرسە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى پۇل ـ بايلىققا يۈزلەنگەن ئىنساندا نىيەت، غەرەز، نەپس، ئوي ـ خىيال بار. بايلىق، مال ـ دۇنيا رەزىل، شەپقەتسىز، ئازدۇرغۇچى نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق يوسۇندا تېپىش، ئىشلىتىش ئاندىن ئىنساننىڭ پازىللىقىنى ياكى غاپىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پۇلنى ئىسراپ قىلىسىڭىزمۇ، كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بەرسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئىش قىلسىڭىزمۇ ياكى بۇزۇقچىلىق قىلسىڭىزمۇ ئۇ هامان پۇلغۇ!

— نەق گەپنى دەپسىمەن هە دادا، مانا قالتىس هاياجانلىنىپ كەتتىمىڭ!

— راست بالام. بۇ راستتىنلا ياخشى گەپ. كىشىلەر كالللىسىنى سىلكىۋېتىپ ئۆزىنىڭ قارىشىنى توغرىلىشى كېرەك. پۇل تېپىشى، ئىقتىساد توپلىشى، كېلەچىكى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشى كېرەك. باشقىلار جان ـ جەهلى بىلەن پۇل تېپىۋاتسا، بىزلەر پۇلنى تىللاپ، شۈكۈر ـ شۈكۈر، دەپ يۈرسەك قاملاشمايدۇ. ئەلۋەتتە بۇ دېگىنىم ۋىجدانىڭنى، نومۇسۇڭنى، ئىززەت ـ ئابرۇيۇڭنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بولسىمۇ پۇل تاپ دېگەنلىك ئەمەس. پەزىلىتىنى ساقلاپ قېلىپمۇ بىر چىرايلىق مېهنىتىگە تايىنىپ پۇل تېپىشمۇ تامامەن مۇمكىنغۇ!

— توغرا، مەنمۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز

يۈكۈمنى ئۆزۈم كۆتۈرەي دەيمەن. ھېلىمۇ سىلەرگە ئېغىرچىلىق سېلىۋېرىپ يۈزۈم قىزىرىدىغان بولۇپ قالدى.

— ئەمدى بۇ نەنىڭ گېپى؟ يات ئادەمدەك گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ؟

— چوپچوڭ تۇرۇپ پۇل دەپ قول تەڭلىگىلى يۈز قىزىرىدىكەن ئادەمنىڭ.

— قويە بۇ گەپنى. بالىنى ياخشى تەربىيىلەش ئاتا - ئانىنىڭ گەدىنىدىكى ھەق. بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز. سەن يارامىلىق ئادەم بولساڭلا بىز شۇنىڭدىن خۇش.

— ئۇنىڭدا چاتاق يوق. لېكىن...

— قويە لېكىن - پېكىنىڭنى. ياخشى ئوقۇشنى بىل. گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئىقتىساد ياخشى بولسا سەنمۇ داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيالىساڭ، كەلگۈسۈڭنىڭ تېخىمۇ پارلاق بولۇشىدا گەپ يوق.

— مەنمۇ بەتخەجلىك قىلماي پۇل يىغاي دەيمەن.

— قانداق يىغىسەن؟

— سەن بەرگەندە، جىق - جىق بەرسەڭ، مەنمۇ جىق - جىق يىغسام بولاتتى.

ئەلى ھەييارلىق بىلەن كۈلدى ۋە ئاخىرىسىغا قېتىپ قويدى:

— چاقچاق، دادا. ھازىرچە دەرسىمنى ياخشى ئوقۇسام ئاشۇ ئەڭ ياخشى پۇل، بايلىق.

— مانا بۇ ياخشى گەپ. پۇلنى ئەنئەنىۋى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېلىپساتارلىق بىلەن ئەمەس، ئەقلىمىز، زېھنىمىزگە تايىنىپ تاپىدىغان چاغ كەلدى. بىز شۇنداق ئۆتتۇق. ئەمدى، قارىسام تازا ئۆگىنىدىغان، ئۆگەنگەننىڭ، بىلىدىغاننىڭ قەدرىمۇ تازا بولىدىغان چاغ ئەمدى كەلگەن ئوخشايدۇ دەيمەن.

— قايتا تۇغۇلامسەن يا؟

— مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى ئارزۇلاش مېنىڭ خۇيۇم ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ قۇربى يېتىدىغان ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ شۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ياشىسام شۇنىڭغا خۇشمەن، بالام.

ھەيدەر ئەپەندى بالىسىنىڭ مۇنچىلىك ئويلىيالىغىنىنى كۆرۈپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ ئىككى ئىستاكان چاي ئېلىپ كىرىپ بىرىنى ئەلىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۆزى كۆتۈپخانىنى يەڭگىل قەدەم بىلەن ئايلىنىشقا باشلىدى.

— خوش، شۇنداق قىلىپ تېجەشلىك بىلەن ياشايدىغان، پۇلنىمۇ تاپىدىغان بولدۇقمۇ، دادا؟

— ھە، شۇنداققۇ؟!

ھەيدەر ئەپەندى ئەلىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قارىشىدا بۇنى دېيىش ئارقىلىق نېمە گەپ تەشمەكچىسەن دېگەندەك مەنە بار ئىدى.

— باشقا گەپ قىلماقچى ئەمەسمەن، دادا. شۇ ئەمدى چىقىپ ئۇخلايمىكىن. ئىجازەت بەرسىلە بولارمىكىن دەپ؟

— ماقۇل ئۇخلا ئەمدى. مەنمۇ بالدۇر ئارام ئالاي. ئەتە كەچ يەنە قىزىتىمىز بۇ ئائىلىۋى سوقا ـ سۆھبەتنى. بۈگۈن ئىپادەڭ ياخشى جۇمۇ سىڭىلىڭ.

— سىڭىلىڭ بالاڭ ـ دە.

— چاقىقان چىقىپ ئۇخلا، يەنە مېنى دۇمباق قىلىپ چالماقچىمۇسەن.

ئەلى كۆلگىنىچە چىقىپ كەتتى. ھەيدەر ئەپەندى چارچىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئورۇندۇقىغا ئولتۇردى ۋە ئەتىگەن يېزىپ قويۇپ قويغان خاتىرىسىنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ھاياتىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن بەتلىرىنى ۋاراقلاش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقۇسىز راھەت ئىش ئىدى. ئۇ ھارغان ـ چارچىغان دەملىرىدە ئاشۇ گۈزەل ئۆتمۈشلىرىدىن ئۆزگىچە تەسەللى ئىزدەيتتى.

# «ئالتۇن ھالقىلار»دا ياشايمىز

«ئىشنىڭ قىيىنىغا كىرىشمەي ۋە چاكىنا يوللار بىلەن ئېرىشكەن بايلىق ۋە سائادەتكە ئىشلەپ پېشانە تەرى بىلەن ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولغان كىشى ھەرگىز تەلمۈرمەيدۇ، قانۇنىي بولمىغان يوللار بىلەن تېپىلغان بايلىق ۋە سائادەت ئېمىزگۈلىرى ھەرخىل پەسكەشلىك ئۆزلىرىگە ئەپلىك كېلىدىغان چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئېغىزلىرىدا ئېمىلمەكتە.

پەزىلەتلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن پۇل، مەنسەپ ۋە سۆزمەن بولۇش بىلەن ئاجىز، بىچارە ۋە نامرات بولۇش ئارىسىدا پەرق يوق. يەنى پەزىلەتلىك ئادەم ئىجتىمائىي ئەھۋالى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەزىلەتلىكتۇر. پەزىلەتسىزمۇ ئىجتىمائىي ئەھۋالى يەنە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەزىلەتسىزدۇر.

ئاشقازان ۋە شەھۋەتنىڭ قۇلى، چاكىرى بولغان كىشى بۇ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شەرەپ ۋە نومۇسى ئاياغ ئاستى بولسىمۇ كارى بولمايدۇ. پەزىلەتلىك ئادەم بىلەن پەزىلەتسىز ئادەم ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭدۇر...»

www.uyghurkitap.com

— زەمەھشەرى ھەزرەتنىڭ بۇ ئارقىلىق نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىڭمۇ، بالام؟

— چۈشەندىم، دادا. خەقنىڭ ھارام دۇنياسىغا كۆز قىزارتما، بەلكى ئۆز تەرىڭ بىلەن تەرلەن دېمەكچىكەنغۇ.

— خەقنىڭ مال - بىساتىغا كۆز قىزارتقۇچى ئەلۋەتتە نامرات. يەنى ئۇ پۇل - دۇنياغا يوقسۇل ئەمەس، ئەڭ ئالدى بىلەن روھىي جەھەتتىن نامرات. مەنئۆيىتى باي ئادەم ھەرگىزمۇ ئۆزگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىگە تەلمۈرمەيدۇ. زەمەھشەرى ھەزرەت كېيىنكىلەرنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىكەن: «پايدىسىز ئىش ۋە ھەرىكەتتىن قولۇڭنى تارت، كەمتەرلىكتىن ئايرىلما. يارىتىلىشىڭ ئەسلىدە پاك بولۇپ، مەينەتچىلىكتىن خالىيدۇر.» كىشىنىڭ ئىلكىدىكى ھارام نەرسىگە تەلمۈرۈش ماھىيەتتە ۋۇجۇدىمىزنىڭ مەينەتچىلىككە تولغانلىقىغا، قەلبىمىزنىڭ بۇلغانغانلىقىغا ئىسپاتتۇر. ياشلىقتا مۇنداق ئىشلار تولا سادىر بوپقالىدۇ، بالام.

ھەيدەر ئەپەندى ئەلگە قاراپ قويدى ۋە جىمجىت قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان بالىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— بىز كىچىك چېغىمىزدىمۇ شۇنداقتۇق. كىمنىڭ بالىسى باي بولسا شۇنىڭ كۈنلىرىگە ھەۋەس قىلاتتۇق. كىم يېڭى كىيىم كىيسە شۇنىڭ تۇرمۇشىغا زوقلىناتتۇق.

— بىزدىمۇ شۇ. بولۇپمۇ مودا قوغلىشىدىغانلاردا تېخىمۇ شۇنداق.

— كېيىنچە ھېس قىلدۇقكى، بۇ بىزنى چاكىنا، پەس قىلسا قىلىدىكەنكى ھېچقانداق پايدىسى يوقكەن. توغرا، ئىنسان ھەۋەستىن، ھەسەتتىن ئۆزىنى مۇتلەق ساقلاپ قالالمايدۇ. لېكىن باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپلا قالسا بۇ ياخشى ئەمەس. ئەگەردە سەن باشقىلار ئېرىشكەن نەرسىگە ھەسەت قىلساڭ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ نەتىجىگە ئېرىشىشكە تىرىشالىساڭ مانا بۇ ياخشى ئىش. بولۇپمۇ چاكىنىلىقتا، غەيرىي يوللار بىلەن نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ ئەكسىچە سەن دۇرۇس يولدا مېڭىپمۇ شۇ نەتىجىگە ئېرىشەلىسەڭ تېخىمۇ ياخشى. ئۇنداق بولمايدىكەن چاكىنىلىقتا قالغىنىڭ قالغان.

— مانا قارا زەمەھشەرى ھەزرەت يەنە مۇنداق دەپتۇ: «بولمىغۇر ھەرىكەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن نەپسىڭ سېنى بۇلغىمىغان بولسا، يامانلىقلارنى ساڭا يۇقتۇرمىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! نەپسىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە ھارام بولسىمۇ، نەپسى تۇلپارنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئۇ چەكلەنگەن تەرەپكە كېتىۋاتىسەن. بېرىشىڭ كېرەك بولغان ۋە سەن ئۇچۇن پايدىلىق بولغان بەندىچىلىكتىن يۈز ئۆرۈۋاتىسەن. بەندىچىلىكتىن غەيرىي ئىشلار سەن ئۇچۇن خەتەرلىكتۇر. مەنىۋى ھەسسەڭنى ئەڭ خەتەرلىك يەر بولغان نەپسىنىڭ قوينىدا نابۇت قىلىۋاتىسەن...

ئاچ كۆزلۈك شۇنداق بىر نەرسىكى، ئىگىسىنىڭ تېرىسىنى سويىدۇ، ئېپەت - نومۇسىنى قايچىلاپ قىرقىيدۇ. قەسەم قىلىمەنكى، قانائەت ئىنساننى ئەڭ ئالىي بەخت -

تەلەيگە يەتكۈزگەنىدەك، ئاچ كۆزلۈكمۇ ئەڭ يامان تەمەخورلۇق پاتقىقىغا پاتۇرىدۇ.

قانائەت يوقسۇلنى باي كۆرسىتىدۇ. ئاچ كۆزلۈك (بايلىق پۇل - مالغا ئۆزىنى ئۇرۇشى) بولسا، ئۇنى بىرگاداي تىلەمچى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تويماسلار ئاچ كۆزلۈك ۋە تەمەگە مايىللىق بىلەن خۇشتار بولغانسېرى، سەن ئۇنىڭدىن قوللىرىڭنى سوپۇنلاپ يۇغىن. ئاچ كۆزلۈك ۋە تەمەدىن تازىلىنىش پۈتۈن مەينەتچىلىكلەردىن پاكلىنىش دېمەكتۇر.»

— بىز تۈنۈگۈن پۇل - دۇنيانىڭ بەزىدە ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىملىقى ھەققىدە بەزى گەپلەرنى دېيىشكەنىدۇق. بىزنىڭ گەپلىرىمىز ھەزرەتنىڭ كۆز قارىشىغا زىت كېلەرمۇ، دادا؟ بولۇپمۇ مانا ئەمدى نەپس، ئاچ كۆزلۈك ھەققىدە گەپلەر چىقىۋاتىدۇ.

— مېنىڭچە ئۇنداق بولمايدۇ. بۇ يەردىكى ئاچ كۆزلۈك پۇل، بايلىق، شۆھرەت، ئەيش - ئىشرەت تەمەسىدە ھارام، تۈيۈق، غەيرىي يوللارغا كىرىپ كېتىشنىڭ ياكى پۇل - بايلىقنى دەپلا قېرىنداشلىق، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، ئەدەپ - قائىدە دېگەنلەرنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ نومۇسسىزلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بىز مۇنداق قىلىشنى تەرغىب قىلمىغاندىمىز؟

— ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس.

— بەزى گەپلەرنى ئۇنداق چۈشىنىشمۇ، مۇنداق چۈشىنىشمۇ مۇمكىن. ئەگەر باي بولۇپ ھېچكىمگە پايداڭ

تەگمىسە، تاپقان پۇلۇڭ بىلەن خەير ـ ئېھسان قىلىشنى بىلمىسەڭ بۇنداق بايلىقنىڭمۇ ئۆزۈڭنى ئاز ـ تولا كېكىردۈرگەندىن باشقا ئۇنچىۋالا پايدىسى يوق ھەم شۇنداقلا شۈكۈر قىلىپ ئۆتتۈم دەپ باشقىلارغا ئېغىرىڭنى سېلىۋالساڭمۇ يەنە نومۇستە. ھەزرەتنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن بۇنى بىلىش مۇمكىن: «ئېھسان ۋە ئىكرامدا قولى يېپىق بولغان باي بىلەن، تەمە ۋە تىلەمچىلىكتە چىڭ تۇرغان جاھىل ۋە نومۇسسىز گادايىنىڭ ئۇچرىشىشى بىر ـ بىرىگە تېگىشكەن ئىككى گرانت تاش ۋە ياكى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى قەبىلىدىن ئېلىنغان ئىككى كۈنداش خوتۇننى ئەسلىتىدۇ. باشقىلارغا ياردەمچى ۋە پايدىلىق بولۇش ھېسسىياتىدىن مەھرۇم بولغان ئۇ بېخىل باي قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان شۇنداق بىر نومۇسسىزكى، ئۇنىڭ نامرات ۋە موھتاجلارنى مەنستىمەي قاراشلىرى كۆشۈلدىغان زەھەرلىك يىلاننىڭ قاراشلىرىدەك قورقۇنچلۇقتۇر. ئۇ نومۇسسىز تىلەمچى بولسا، تىلىگىنىنى ئالمىغۇچە كىشىنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش ئۇچۇن قاش ـ كۆزلىرى بىلەن كۆرسەتكەن قىياپەتلىرى، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشىنى بېشىغا دىۋانە تايىقى بىلەن ئۇرۇۋاتقاندەك جېنىدىن بەزدۈرىدۇ. دېگىنىنى بېرىلسە، خۇشاللىقىدىن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي كاسىلداپ، خۇشامەت قىلىپ، لولىلىق بىلەن ھىجىيىشقا باشلايدۇ. رەت قىلىنسا، جان ـ ئىمانى چىقىپ كىشىنىڭ كانىيىغا ئېسىلغۇسى، ھەتتا بىر تال ئوق بىلەن ئېتىۋەتكۈسى

كېلىدۇ.» ھەممىدىن مۇھىمى سىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىڭ دۇرۇس بولۇشى، ھەرىكىتىڭمۇ نىيىتىڭگە ماس، بىردەك بولۇشى كېرەك. شۇندىلا مەردلىك، باتۇرلۇق، يىگىتلىك مەقامىغا يېتىش مۇمكىن. خارلىقتىمۇ قالماي مۇغەمبەرلىشىپمۇ كەتمەي ياشاش مۇمكىن. ھەممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكىلى بولۇشى مۇمكىن. ھەزرەتنىڭ سۆزىگە قارىساڭلا كىمنى ئەڭ قەدىرلەپ دوست تۇتۇش كېرەكلىكىنى چۈشىنىسەن: «بۇ دۇنيادا قېرىنداش قىلىشقا ئەرزىيدىغان كىشىلەر پەقەت ۋە پەقەتلا مەرد ۋە سېخىي كىشىلەردۇر. بۇنداق قېرىنداشلارنىڭ دوستلۇقى بىلەن خەستە كۆڭۈللەر شىپا تاپىدۇ. سۇنغان سۆڭەكلەر ئەسلىگە كېلىدۇ، پۈكۈلگەن بەللەر رۇسلىنىدۇ. ھەل قىلالمىغان ئېھتىياجلىرىڭنى ساڭا بۇلار ھەل قىلىشىپ بېرىدۇ. يىغلىلىپ قالغان دەرد ۋە مۇشەققەتلىرىڭنى سەندىن يىراقلاشتۇرىدۇ.» مانا بۇ قېرىنداش قىلىشقا ئەرزىيدىغان كىشىلەر دەل نىيىتى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك دۇرۇس كىشىلەردۇر. بولمىسا بىر تۇغقان بولساڭمۇ ياقا سىقىشىپ، دۈشمەنلىشىپ كېتىشىڭ مۇمكىن. قارا، مۇنداق سۈپەتتىكى ئادەملەر ئاندىن بىز ھەزەر ئەيلەش كېرەك بولغان ئادەملەر قاتارىغا ئايرىيدىغانلاردىندۇر: «ئۇ ئەتىگەندە دۇنياغا ئاچ بۆرىلەردەك تەمە بىلەن ئۆزىنى ئاتىدۇ. قەيەرگە بارسا يولسىزلىق، نىمە ئىش قىلسا زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقى تەييار. بۇنداقلارنى كۆرمەستىن بۇرۇن، ئۆلۈم خۇش خەۋىرى كېلىپ دۇنيادىن كەتكەنلەر نېمىدېگەن بەختلىك!» بىز

ھەرگىزمۇ مۇنداق زوراۋان، ئۆكتەم، يولسىز، مۇغەمبەر مىجەز بەندىلەردىن بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمىز. بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز يەنىلا ھالال پۇل، پاكىز ئەقىدە، ئەدەپلىك قەلب، مەنىلىك تۇرمۇش. مانا مۇشۇنداق سۇپەتلەر ئاساسىدا ھۇزۇرلۇق قىلماستىن توختاۋسىز ئىلگىرىلەش، بوشاشماي تىرىشىپ ئۆگىنىش. بەلكى ياخشىلارنىڭ ئۇلگىلىك ئوبرازىنى ھەريەردە نۇرلاندۇرۇش. بۇ ئىنتايىن مۇھىم، بالام. بىزدە ياخشىلار جىق. لېكىن ئۆزلىرىنىڭ سەممىيلىكى، پاكىز دىللىقى بىلەن كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. تولا ھاللاردا ئىشلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقىنىدىن قاقشايدۇ ـ يۇ، لېكىن بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدۇ. بۇنداق قىلىقتىن ساقلان. ياخشىلىق ئۇرغۇپ تۇرغىنى، ئۇزلۇكسىز سىرتقا كېڭىيىپ تۇرغىنى ياخشى. ھازىر قارىساڭ يامانلىق، بىمەنىلىك، ئەخلاقسىزلىقنىڭ زوۋانى بەكرەك چوڭ، كۇرسى يۇقىرى. بۇ قاملاشمىغان ئىش... شۇ تۇپەيلى زەمەھشەرى ھەزرەت دەپ ئۆتكەندەك مۇنداق بىر ھالەت ھاسىل بوپقالىدۇ: «قانچىلىغان ئالىيجاناب ئەخلاقلىق ۋە پەزىلەتلىك ئادەملەر باركى، دەل ئەكسىچە ئەخلاقسىز ۋە پەزىلەتسىز بىلىنىدۇ ۋە ئېغىر ـ بېسىقلىقتا تاغدەك، ئىلىمدە دەريادەك بولۇشى بىلەن مەشھۇر بولغان قانچىلىغان كىشىلەر باركى، ئېغىر ـ بېسىقلىقتىن ۋە ئىلىمدىن نەچچە چاقىرىم يىراقتۇر.» ھەتتا قارىساڭ شۇقەدەر سىپايە، كەمتەر، راستچىل قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان بەزىبىر ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى

www.uyghurkitap.com

شۇنچىلىك يىرگىنچلىك بولۇپ چىقىدۇكى، تۇۋا دەپ تاس قالىسەن ئۆزۈڭنىمۇ يوقىتىپ قويغىلى. ئەسلىدە مۇشۇنداقلار ياخشىراق ئەدىپىنى يەپ تۇرسا، ياخشىلارنىڭ سۆز - ھەيۋىسىدىن قورقۇپ تۇرسا ياخشى بولاتتى. لېكىن بەزىدە قارىساڭ ياخشىلار يامانلاردىن قورقۇۋاتقاندەك ھاللارنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىڭ بۇ كۈنلەردە.

ھەيدەر ئەپەندى سۆزدىن توختاپ بىر ئوتلام چاي ئىچتى، ئاندىن ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە بېشىنى چايقاپ قويۇپ كۆزەينىكىنى قايتىدىن تاقىدى، كىتابنى قولىغا ئالدى.

— بولمىسا سەن بىر دەم ئوقۇ، بالام. كۆزۈم تالغاندەك قىلىدۇ.

ھەيدەر ئەپەندى ۋاراقلاپ توختىغان يېرىنى ئەلىگە تۇتقۇزۇپ ئۆزى دېرىزە پەردىسىنى قايرىۋېتىپ دېرىزىگە يېقىن جايغا بېرىپ ئولتۇردى. ئەلى يۇمشاق، زىل ئاۋازى بىلەن دادىسى كۆرسىتىپ بەرگەن جاينى ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئەقىللىق كىشى سەۋرلىك، تەمكىن، چىدامىلىق ۋە دائىم پايدىلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئاجىز ۋە ئەقىلسىزلەر بولسا، ئىشلىرىدا تۇراقسىز، بەخىرامان بولىدۇ. سەگەكلىك ۋە سەزگۈرلۈك تەلەپ قىلىنغان ھاللاردا غەپلەتتە تۇرىدۇ.»

ئەلى شۇنى ئوقۇپ بولۇپ توختىدى ۋە دادىسىغا قارىدى. ھەيدەر ئەپەندى كۆزىنى يۇمۇپ بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قويغىنىچە ياتاتتى. ئۇ بىردەم شۇ ھالدا ياتتى. ئاندىن ئەلىدىن ھېچقانداق سادا كەلمىگەندىن كېيىن

بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى:
— نېمە بولدۇڭ؟ ئوقۇمامسەن؟
— يەنىلا سەن ئوقۇ، دادا. ئىككىمىز هامان ئورنىمىزنى ئالماشتۇرساق قاملاشمىغۇدەك. بۇ گەپلەرگە ئاز ـ تولا گەپ قېتىپراق تۇرمىساڭ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.
— سەنمۇ قېتىشقۇرمەمسەن؟
— هازىرچە سېنىڭ قاتقىنىڭنى ئاڭلاپ تۇراي.
— بۇ سېنىڭ خۇپسەنلىك قىلىپ جاپادىن قاچقىنىڭمۇ ياكى؟ قارىسام مۇنداق جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاش شۇنداق راھەتتەك قىلامدۇ نېمە؟
— سۆزلەشنىڭمۇ راھىتى يامان ئەمەس، دادا. بۇنى سەن ئوبدان بىلىسەن. لېكىن مەن سېنىڭ ئالدىڭدا سۆزلىيەلمەيمەن. يەنىلا سەن ئاله بۇ كىتابنى.
ئەلى كىتابنى دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ھەيدەر ئەپەندى بالىسىغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدى:
«ھۆرمەتكە سازاۋەر، نومۇسلۇق ئادەمنى باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشقا ئۈندىسە، ئۇنىڭغا دەرھال قارشى چىقىدۇ. ئىسلزادە ئادەمگىمۇ بىرىنى ھاقارەتلەش ۋە خورلاش ۋەزىپىسى بېرىلسە، بۇ ۋەزىپىدىن شۇئان ئۆزىنى تارتىدۇ. ھەقىقىي ئىنسانلىق كەمىرىنى بېلىگە باغلىغان كىشى ئىنسانىيەتكە يات بولغان ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇ ۋەزىپە ئادەم ئەمەس، بىرەر ھايۋانغا تاپشۇرۇلسىمۇ، تۆيىقىنىڭ سۇنۇشى، توقۇمىنىڭ دۇمبىسىنى

يېغىر قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ تىترەيدۇ. بۇ خىسلەت گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى بولغان پاك ئىنسانلارغىلا خاس بولۇپ، هارام سۈت ئەمگەنلەردە بولمايدۇ. ئىت قۇيرۇقىدا ياغ ۋە كۈچ بولمىغىنىدەك، ئېسىللىكى بولمىغان ئادەمدىمۇ ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولمايدۇ...

قەلبىدىن ئادالەت ۋە ئىنساپ ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، زۇلۇم ۋە ئىنساپسىزلىق پاتقىقىغا پاتقان كىشىگە ئوخشاش، پاك ـ پاكىز سۇ ئۈستىگە لاي سۇ ئىچىدىغان ئادەم يوقتۇر.

ئادالەت بۇلىقى — جۇلالاپ تۇرىدىغان ئەينەكتىن چىرايلىق ۋە توغرا سۆزلەر چىقارغان ئەقىلدىنمۇ پارلاقتۇر. زۇلۇم دەرياسى بولسا، تۆگىگە يېپىشقان قەتراندىن (قارامايغا ئوخشاش بىر خىل سۇيۇقلۇق) ۋە يالغان ۋەدىدىنمۇ قاراڭغۇ ۋە مەينەتتۇر.

ئىنساپلىق ئادەم باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە كىمنىڭ ھەققى بولسا ئۇنى بېرىدۇ. زالىم بولسا باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتىن خۇش بولىدۇ ۋە قولىدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ.

ئەمەلى بولغان كىشى ئۈچۈن، ئىلىم ئىمارەت ياسىغان ئۇستىنىڭ ئاسما تېشىغا ئوخشاشتۇر. ئالىم ئۈچۈن ئەمەلمۇ قۇدۇقتىن سۇ تارتقۇچىنىڭ چېلەك باغلىغان ئارغامچىسىدۇر. ئاسما تېشى بولمىغان ئۇستا بىنانى تۈز چىقىرالمىغاندەك، ئارغامچىسى بولمىغان چېلەك ئىگىسىمۇ سۇ تارتىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالمايدۇ.

كىم كامىل ئادەم بولۇشنى خالىسا، ھەم ئالىم، ھەم ئامىل (ئەمەل قىلغۇچى) بولسۇن.»

— بۇ نېمە دېگىنى، دادا؟

— بىلىم ئال، ئۇنى ئىشلەت دېمەكچى، بالام. بەزىلەر بىلىدۇ، لېكىن ئەمەل قىلمايدۇ. مەسىلەن: تاماكا چېكىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىمۇ سۆزلەڭ دېسە ھاراق - تاماكىنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ ئېغىزىدىن كۆپۈك چاچرىتىدىغان، ئەمما ئۆزى شۇنىڭدىن قول ئۈزمەيدىغان ئادەملەرمۇ بارغۇ. شۇنداقلا گەپ. ھەم يەنە بىزنىڭ ئىلىملىك ئۆلىمالىرىمىز بار، نۇرغۇن نەرسىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇنى ئىشلەتمەيدۇ. ئۆگىنىپ بولۇپ، دېپلوم، ئۇنۋان ئېلىپلا بولدى قىلىدۇ. ھەتتا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇۋالسىلا كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىشمۇ يوق. تۈگىشىپلا كېتىدۇ. مانا بۇ قاملاشمايدۇ. بىلىش كېرەك، قانچىلىك بىلسە شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، ئىشلىتىش كېرەك. شۇندىلا ئۆگەنگىنىنىڭ پايدىسى بولغان بولىدۇ. بولمىسا غەپلەتكە پاتقىنىمىز پاتقان، زامانىنىڭ كەينىدە قالغىنىمىز قالغان. قارا، زەمەھشەرى ھەزرەت بارغانسېرى روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان، غەپلەتكە پېتىۋاتقان ئادەملەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھوشيارلىقىڭنى يوقىتىپ، غەپلەتكە شۇنچە پاتتىڭ ۋە پىتنە - پاسات ئوتى ئالدىدا ئىسسىنىشنى شۇنچە ئۇزاتتىڭ. كۆپ قېتىم ئايغىڭ تايغان ھاللاردىمۇ يەنە ھېچقانداق كارامەت ئەسىرىنى

كۆرسەتمىدىڭ... بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن قاچان ئويغىنىسەن، يىقىلغان يېرىڭدىن قاچان دەست تۇرىسەنكىن تاڭ؟» بۇنداق غەپلەتكە پاتقان ئادەملەرنىڭ دەست تۇرۇشى ھەقىقەتەن تەس. ياخشىراق چۆچۈتمىگۈچە ئۇلارنى سەگىتىش بەك قىيىن. ھەقىقەتەنمۇ « سۆزدە تۇرماسلىقى كۈندىن - كۈنگە ئارتىۋاتقان ھەم بىر سائىتى يەنە بىر سائىتىدىن يىرگىنچلىك بولغان كىشى ئۆزىنىڭ نىجات تاپقۇچىلاردىن بولۇشىنى قانداقمۇ ئۈمىد قىلسۇن؟!» ئۇلار غەپلەتتىدۇر. ئۇلارغا قويۇۋەتسەڭ تېخى ئۆتكەن كۈنلىرىدىن، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ، نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى بوۋىلىرىنىڭ شانۇ شۆھرىتىدىن ماختىنىپ ئېغىزىدا نەم قالمايدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالى بىلەن كارى بولمايدۇ، ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە ياخشىراق ئويلىنىپ باققۇسى كەلمەيدۇ. ۋەھالەنكى ئەجدادلىرى ھامان ئۆتتى، ئۇ قانداق شان - شەرەپ قازانغان بولسا ئۆزى قازاندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنى دەستەك قىلىپ يېتىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان غەپلەت بەندىلىرىنىڭ ھېچقانداق ئىشى يوق.

— قارا مۇنۇ گەپكە، بالام. «ئاتاڭدىن قالغان شۆھرەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالما. ئۇ شەرەپ ۋە شۆھرەت ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپتۇر. ئەجدادىڭدىن قالغان شان - شەرەپ ۋە شۆھرەتكە سەنمۇ يېڭى ۋە مۇناسىپ شان - شەرەپلەرنى قوشقىن. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي شەرەپلىك بولىسەن. ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپكە ئىشەنچەڭ بولمىغۇچە، ئاتاڭنىڭ شان - شەرىپى بىلەن شەرەپلىك بولۇش دەۋاسىدا

www.uyghurkitap.com

بولما. چۈنكى ئۆزۈڭگە خاس شەرەپ بولمىغۇچە، باشقىلارنىڭ شەرىپى ساڭا ئەسقاتمايدۇ. ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ بىلەن شەخسىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ ئارىسىدىكى پەرق بۈگۈن بىلەن تۈنۈگۈن ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشاش. تۈنۈگۈنكى رىزقىڭنىڭ بۈگۈنگە پايدىسى بولمىغىنىدەك، تۈنۈگۈنكى توقلۇقۇڭنىمۇ بۈگۈنكى ئاچلىققا پايدىسى يوق!»

— ۋاھ بۇ گەپنىڭ جايىغا چۈشكىنىنى.

— بىزدە «ئۆز ئەيىبىنى بىلگەن باتۇر» دەيدىغان ماقال بار. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. مىجەز ـ خاراكتېرىدە، كۈندىلىك ھەرىكەت ئادىتىدە قانداق كەمچىلىك ـ ئاجىزلىقلارنىڭ بارلىقىنى باشقىلار دەررۇلا بايقاپ يېتەلىگەن بىلەن شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بايقاپ يېتەلىشىگە خېلى ئۇزۇن جەريان كېتىدۇ. بايقىغاندىن كېيىنمۇ دەررۇ ئۇنى بايقاپ، تۈزىتىپ، شۇ جەرياندا قولدىن كەتكۈزگەنلىرىنى تولۇقلىۋېلىشىغا تېخىمۇ ئۇزۇن جەريان كېتىدۇ. مەيلى نەدە تۇر، نېمە ئىش قىل، بالام، ئۆزۈڭنى سوتلاپ تۇر. نېمەم بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتىمەن؟ كىملەرگە تايىنىپ قالدىم؟ ئاتا ـ ئانامنىڭ يۈزى، ئابرۇيى ياكى دۇنيا دەپىنىسى بىلەن پەخىرلىنىپلا ئۆزۈمگە تەسەللى تېپىۋاتامدىمەن ياكى مەندە شۇنداق كۈچ بارمۇ؟ دەپ سوراپ تۇر. كۆپىنچە ئادەم ئۆزىدىكى ئەيىب ـ نۇقسانلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەمما بىلگىنكى، بالام، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى تەن ئېلىش، تۈزىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى

ئامالنىڭ بارچە يوشۇرۇش ھەرگىزمۇ ياخشى قىلىق، ئادەت ئەمەس. ئەيىب ـ نۇقسان تاپىدىغان نەرسە ئەمەس، ئاكتىپ ھالدا تۈزىتىدىغان نەرسە. ئاتا ـ ئانا، دوستلىرىڭ ئەينىكىڭدۇر. ئۇلارغا كەمچىلىكىڭنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئېيت ۋە ئاكتىپ ھالدا تۈزەت. ئەيىب ـ كەمچىلىكىڭ تۈزەلمەي تۇرۇپ، سەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسەن. ياخشى، ساغلام ئىنسان بولالمايسەن.

ۋۇجۇدۇڭدىكى كىرلەرنى تازىلا، بىزگە پاكىز قەلبلىك كىشىلەر كېرەك. زەمەھشەرى ھەزرەت ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېرىشكەن مەرتىۋە مەنسىپى بىلەن ماختانغان كىشىنىمۇ ياخشى ئادەتلىك ئىنسان ئەمەس دەپ قارايدۇ: «مەرتىۋىسى ۋە مەنسىپى بىلەن ماختانغان كىشى تۆگە قۇشىدىنمۇ ئەخمەقتۇر.

بۇنداق خۇسۇسىيەتلىك ئەمەلدار ئۆزىنى خەۋپ ئىچىگە ئاتقان بولىدۇ.

سەن ھېچبولمىغاندا خىزمىتىڭدىكىلەرنىڭ سەندىن تەپ تارتقىنىدەك، ئۇنىڭ قەھرى ـ غەزىپىدىن ئۆزۈڭنى تارتىشىڭ كېرەك. ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭنى يەرگە قويۇپ، ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتقايسەن.»

— بىز كىبىر، مۇغەمبەرلىكتىن خالىي ھالدا سەمىمىيلىك بىلەن ياشاشنى ئادەت قىلىشىمىز كېرەك، بالام. بىز تېخى كۆرەڭلىگۈدەك ھېچ ئىش قىلغىنىمىز يوق. كۈللى كائىناتنىڭ بۈيۈكلۈكى ئالدىدا بىز ھېچنېمە ئەمەس. توغرا ئىنساندا كۈچ، ئەقىل ـ پاراسەت بار، لېكىن ئۇ

كۆرەڭلىگۇدەك ئەمەس. ئۇ پەقەت تەبىئەتتىن مۇۋاپىق يۇسۇندا پايدىلانغۇچى ۋە بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ يېڭى - يېڭى تەجرىبىلەرگە ئېرىشكۈچى. ھەرگىزمۇ تەبىئەتنى ياراتقۇچى، بەرپا قىلغۇچى ئەمەس.

«بىلىم تەس، بىلىمسىزلىك ئۇنىڭدىنمۇ تەس.

ئېھتىيات ۋە پاراسەت ئىگىلىرى كۆزلىرىنى بىر دەم بولسىمۇ ئەقلىي ھېكمەت يولىدىن ئۇزمەيدۇ. ياخشىلىق قىلغۇچى ھەممىشە ئەڭ پەزىلەتلىك بولغان ئىشلارنى تاللايدۇ. گۇزەللەرنىڭ پاك بولغىنىنى ئەلا بىلىدۇ. بۇ بۇنداق، ئۇ ئۇنداق... دەپ تىكەنلىك يولدا يالاڭ ئاياغ يۈرگەن ئادەمدەك ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ ماڭىدۇ. گۇمانلىق ۋە يامان ئويلارنى پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ ۋە قاچىدۇ.»

—— يامانلارچۇ، بالام، يامان دوست زەھەردۇر دېگەنىدۇققۇ باشتا. يامانلار، پاسىقلار نەدە يامان ئىش بولسا شۇ يەرگە ئىزدەپ - سوراپ بارىدۇ. كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن ھۇزۇرلىنىدۇ، يەنە تېخى ئۆزىنى غالىب، مۇغەمبەر سېزىدۇ. ئۆزىنىڭ قەبىھلىكىدىن مەغرۇرلىنىدۇ. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە قەبىھلىك بولمىسا كېرەك. مۇنداقلارغا زەمەھشەرى ھەزرىتىم مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: « ئەي قەدىرسىز، پەسكەش قۇل! ئۇستۇڭدىكى كىبىر ۋە ئۇلۇغلۇق تونى، چىرايىڭدىكى خەلقنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ سىڭايان قاراشلىرىڭ نېمىسى؟... ئاشۇ تەكەببۇرانە قاراشلىرىڭنى تۇزەت! ئېھتىمالكى، باپكار شۇ تاپتا كېپىنىڭنى

توقۇۋاتقاندۇ...»
— يامانلارنىڭ بۇنداق ئىسىل تەنبىھلىرىنى ئاڭلايدىغان قۇلىقى نەدە، دادا؟ ئۇلار ئاڭلىمايدۇ، ھەقىقەت، راست گەپكە قۇلاق سالمايدۇ. قۇلاق سالىدىغان ئىسسىق يۈرەك بولسىدى، ھەرگىز زەھەردەك ئىپلاس قىلىقلارنى قىلىپ يۈرمەس ئىدى.
— لېكىن بالام، زەمەھشەرى ھەزرەتنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: «ھەقىقەتەن تىلىنىڭ ئۆتكۈر ئۇچى نەيزە تىغى ئۆتمەيدىغان يەرگىمۇ ئۆتىدۇ ۋە نەيزە تەسىر قىلالمىغان تەسىرنى قىلىدۇ.» چوقۇمكى بۇ گەپلەر بىر كۈن بولسىمۇ بىر كۈن تەسىر قىلىدۇ، ئاشۇلار يامانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ھامان بىر كۈنى پۇشايمان قىلىدۇ. ئەپسۇس سۈيى ئىچىدۇ.
— ئۇنىڭغىچە قانچىلىغان ئادەم بىھۇدە زىيان تارتىدۇ ھە؟!
— جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق تەڭشىلىپ ماڭىدۇ بالام. ئامال يوق، شۇڭا ھەركىم ئۆزىگە ھېزى بولۇپ ياشىشى لازىم. «ساڭا بۇ پانىي ھاياتتا مەمنۇن بولارلىق بىر تۇرمۇشنى كىم ھەدىيە قىلالايدۇ؟ شىكايەتسىز ئۆتكۈزىدىغان ھاياتنى كىم بېرەلەيدۇ؟
ھەيھات! بۇ دۇنيادا ئاسان قولغا كېلىدىغان لەززەتلىك بىر نېمەت ۋە مەڭگۈلۈك بولمىغان بۇ ئۆمۈردە ئۆچمەيدىغان بىر چىراغ يوقتۇر.
مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن بەختىيار بولىدىغان ئادەم پەقەت يامانلىق ۋە زاۋاللىق بولمىغان باقىي ۋە ئەبەدىي

ھاياتنى تىلەيدىغان ئادەمدۇر» ھەم شۇنداقلا يامانلىقنىڭ زىيان ـ زەخمىتىگە ياكى ئاسارىتىگە ئۇچرىمايدىغان ئادەم، قەلب ھەم يوقتۇر. پەقەت ئاشۇنداق يامانلارنىڭ يامان تەسىرىدىن ئۆزىنى ساق ـ ئامان ساقلاپ قالالىغان ئادەملا ئاندىن ھەقىقىي نوچى ئادەمدۇر. بوران كەلمىگەندە قارىساڭ سايدىكى ھەممە دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ شۇنچە مەزمۇتتەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداقلىقىنى، چىدامچانلىقىنى پەقەت بوران، يامغۇر ـ يېشىندىلا ھەقىقىي بىلىش مۇمكىن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئادەتتىكى ئەھۋالدا قارىساڭ نۇرغۇن ئادەم شۇنچە ياخشى، سەمىمىي كۆرۈنىدۇ. قەيسەر، جۇشقۇن، راستچىل تۇيۇلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قانداقلىقىنى، ھەقىقىي قىياپىتىنى پەقەت ئاشۇنداق يامانلارنىڭ، رەزىللىكنىڭ، قىيىنچىلىقنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلگەندىلا بىلىش مۇمكىن. ئاشۇلاردىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلىي پاكىز تەبىئىتىنى ساقلاپ قالالىغان ئادەم ھەقىقەتەن پىشقان، ئىشەنچلىك ئادەمدۇر، بالام. ئەنە شۇنداق مىجەزلىك، تۇرگۇن ھەم يامانلىق، قىيىنچىلىق، مۇشەققەت، بىسىم ئالدىدىمۇ مەيدانىڭنى ساقلاپ قالالايدىغان ئادەم بول.

— سۆزۈڭنى ئېسىمدە ساقلايمەن، دادا.

— زەمەھشەرىنىڭ يەنە مۇنۇ سۆزلىرىنى ساڭا ئېيتاي، قۇلىقىڭدا چىڭ تۇت بالام.

«بىر ئىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت كۆرسىتىپ ئىرادە

www.uyghurkitap.com

باغلىغانلىكەن، ئېھتىياتچان، توغرا ۋە ئەتراپلىق ئويلاش، ئەقىلسىزلىك ۋە قابىلىيەتسىزلىكنى تاشلاپ، ھەر قانداق ئەھۋالدا ۋە ھەر قانداق ئىشتا تولۇق قەيسەرلىك بىلەن جاسارەت كۆرسىتىش، مۇھىم بىر ئىش يۈز بەرگەندە ئۇنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن غەيرىتىنى سەرپ قىلىپ ئالدىغا ئۇچرىغان توسالغۇلاردىن ئىككىلەنمەي ئۆتۈش... مانا بۇلار پىداكارلىق مەيدانىدا قىلىنغان شۇنداق بىر مۇسابىقىدۇركى، پەقەت ئۇ مەيداننىڭ يېگانىلىرىلا بۇ مۇسابىقىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ.

بۇ مەيداندا دۇرۇس تەبىئەتلىك ۋە قىيىنچىلىقلارغا كۆكسىنى كېرەلەيدىغان كىشىلەر ھادىسىلەرنىڭ ۋە پالاكەتلىكلەرنىڭ ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، ئۆزىگە ئوخشاشلار ئارىسىدا ئۇستۇن تۇرماقچى بولىدىكەن، ئاڭسىز ئەخمەقلەرنىڭ قابىلىيەتسىزلىكلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە سەۋەب ۋە باھانىلەرنى كۆتۈرۈۋالغىنىدەك، بىتەلەيلەرنىڭمۇ بۇ مەيداندىن پۈتۈنلەي قاچقىنىدەك بىر ئىشتۇر.»

— كەسكىن، تۈرگۈن، قەيسەر، ئىرادىلىك بول. ھەرقاچان ئۈمىدلىك ياشا. ھاياتتا ھەركۈنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەپ ئويلىما. كۈندە ھېيت بولمايدۇ، قۇياشمۇ ھەركۈنى پارلاپ تۇرمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا بەزىدە بىز يېڭىلىمىز، قىيىنچىلىق بىزنى ھالسىرىتىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدىڭدىن ۋاز كەچمە. ھەممىدىن ئايرىلىپ قالساڭمۇ مەيلى ئۈمىدتىن ئايرىلىپ قالما. ئۈمىد

بولسىلا چوقۇمكى يەنە يېڭىدىن يول تېپىش تامامەن مۇمكىن.

ئاخىرقى سۆزۈم، بالام. سەن بۇ دۇنيادا يەككە ـ يېگانە ياشىمايسەن. ئۇرۇق ـ تۇغقان، قان ـ قېرىنداشلىرىڭ بىلەن ئۆم ـ ئىناق ئۆت. دوست ـ بۇرادەرلىرىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى هاياتىڭغا سەپەرداش قىل. زەمەھشەرى هەزرەت دوست هەققىدە شۇنداق ئېيتقان: «سېنىڭ سادىق دوستۇڭ ساڭا ۋە دوستۇڭغا تەربىيە هەم نەسىهەت بەرگەن ۋە سېنى ياكى ساڭا ئائىت بولغان نەرسىلەرنى مۇهاپىزەت قىلغىلى قويىدىغان كىشىدۇر. هالبۇكى سەنمۇ نەپسىڭنىڭ سادىق دوستى تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن نەسىهەتىڭ ئۇنىڭغا كار قىلمايدۇ ۋە نېمە سەۋەبتىن مۇهاپىزەت هەم قوغدىشىڭ پايدا بەرمەيدۇ؟

چۈنكى سېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان نەسىهەتىڭ بىر يۈرۈش ئويۇن ـ تاماشىلار بىلەن ئۇنى مەلىكە قىلىش، مۇهاپىزەت هەم قوغدىشىڭمۇ قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۈلاتلارغا كۆكرەك كېرىشتىن توسۇشتۇر.» نەپسىڭگە مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاشلا سەنمۇ دوستۇڭغا ئويۇن ـ تاماشا، بىكارچىلىقتا مايىل تەربىيىڭنى كۆرسەتسەڭ هەرگىز بولمايدۇ. ئۇ ئەگەردە ياخشى، ئېسىل دوست بولسا سېنى ياخشىلىق تامان ئاگاهلاندۇرىدۇ. ئەگەردە هاياتنىڭ هەقىقىي مەنىسىنى بىلمەيدىغان غەپلەتتىكى دوست ـــ يامان دوست ـــ زەهەر دوست بولسا سېنى تېخىمۇ شۇ تەرەپكە، ئەهمىيەتسىز هاياتقا دەۋەت قىلىدۇ ـ دە، كاردىن چىقىپ كېتىسەن، توغرا

يولدىن ئادىشىسەن. جان بالام، ئۆزۈڭگە خاس پرىنسىپلىق تۇرمۇشتىن ۋاز كەچمە. غايەڭ ئېنىق بولسۇن، پىلانىڭ، ھەرقانداق ئىشقا ئۆلچىمىڭ ئېنىق بولسۇن. يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلاشما. قانچىكى ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەملەر بىلەن ئارىلاشساڭ ۋۇجۇدۇڭ شۇنچە پاكىز بولغۇسى. يامان دوستنى زەھەر دېدۇق، لېكىن بىز ئۇنىڭ زىيان - زەخمىتىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىمۇ دېدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ روھىي جەھەتتىكى كامىل، پاكىزلىقىڭ ئاساسىدىلا بولىدۇ، بالام. بىزدىن قالىسەن، لېكىن ئۆزۈڭدىن قالمىغىن!

ھەيدەر ئەپەندى ھاياجانلىنىپ قالغانىدى. ئۇ سۆزدىن توختىدى، غۇيۇلداپ سالقىن شامال سوقۇپ تۇرغان دېرىزىگە يۈزىنى قىلغىنىچە جىممىدە تۇرۇپ كەتتى. ئەلىمۇ جىمىپ كەتتى. ئۇ نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمىگەنىدى. ئارىنى خېلى ئۇزۇن سۈكۈت باستى.

— سەن چىقىپ ئۇخلاۋەر، بالام، كېچە بىر چاغ بوپقالدى. ئەتە دەرسكە بارمىساڭ بولماس.

ئەلى ئۇندىمەي سىرتقا ماڭدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ دادىسىغا نېمىلەرنىدۇ دېگۈسى بار ئىدى. لېكىن كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمىدى. ناھايىتى ئېغىر تۇيغۇ ئىچىدە ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئارقىسىغا قارىدى. دادىسى ھېلىھەم شۇ يەردە. يەنىلا شۇ تەمكىن سالاپىتىنى بۇزمىغان. ئەلىگە دادىسى ھېچقاچان مۇنداق مۆڭغا پاتقان ھالدا كۆرۈنمىگەنىدى. ئۇنىڭ دادىسىغا گەپ

قىلغۇسى كەلدى، راستتىنلا شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغاندەكمۇ تۇيۇلۇپ كەتتى. لېكىن نېمە دېيىشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلەلمىدى.

— بولدى، ھېچنېمە دېمە بالام. بىز ياخشىلىق بىلەن بىرگە ياشايمىز.

ئەلى گەپ قىلمىدى، پەقەت دادىسىغا زوق، سۆيۈنۈش، ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىغىنىچە ئىشىكنى ئاستا ياپتى. ھەيدەر ئەپەندى ئاشۇ يەردە — زەمەھشەرىنىڭ «ئالتۇن ھالقىلار»ىنىڭ يېنىدا جىمجىت تۇراتتى. ئۇ سىرتقا قارايتتى ـ يۇ، كالللىسىدا، ئويىدا يەنىلا شۇ چوڭقۇر مەنىلىك ھېكمەتلەرنىڭ ئەكس ساداسى ياڭرايتتى.

— راست، بىز شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشايمىز، مەنىلىك، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ.